ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلارنىڭ بايرىمىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!

ئالدىنقى يېرىم ئايلىقى
上半月
2016-9
新疆青年
Xinjiang Youth



# شىنجاڭ ياشلىرى

ISSN 1002-9109
07>
9 771002 910000


تۇمارس ئاممباب تاماقخانىسى
Tumaris
新疆突玛丽斯大饭店
TUMARIS HOTEL.XINJIANG
24 سائەتلىك چاي، قەھۋە، پىسا
شىنجاڭ تۇمارىس ئالىي مېھمانسارىيىمىز كەڭ خېرىدارلارغا تېخىمۇ قولايلىق يارىتىش مەقسىتىدە چاي، قەھۋە، چۈشلۈك تېز تاماقخانا، شۇنداقلا 24 سائەتلىك تاماقخانا مۇلازىمىتىنى يولغا قويدى، ئاممباب باھا، تۆت يۇلتۇزلۇق ئەلا مۇلازىمەت سىزنى كۈتمەكتە!
ئالاھىدە باھا 599 يۈەنلىك توي زىياپەت ئۇستەللىرى قەدەم تەشرىپ قىلىشىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ!
8 يۈەندىن باشلانغان ھەرخىل چاي، قەھۋە
23 يۈەن
23 يۈەن
ئاممباب باھا
مەززىلىك تائام
ئازادە مۇھىت
زاكاز قىلىش نومۇرى: 8539699 8525555 ـ 0991
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھەر شىنخۇا جەنۇبىي يولى 618 ـ نومۇر

# ئۇستاز، بايرىمىڭغا مۇبارەك بولسۇن!

◉ رۇقىيە تۇرسۇن

ئۇستاز ئەجرى ئۆلمەيدۇ،
ئەل قەلبىدە كۆكلەيدۇ.

مۆھتەرەم ئۇستاز! سەن دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ مۇقەددەس ئىنسانلارنىڭ بىرى سەن. چۈنكى، سەن باھار كەبى ياشلىقىڭنى مۇنبەرگە ئاتاپ، باھار غۇنچىلىرىنى پەرۋىش ئەيلەپ، ۋەتەننىڭ باھارىنى يارىتىسەن. قولۇڭدىكى ئاپپاق بورىنىڭ توزانىنى ئۆزۈڭ سۈمۈرۈپ، نۇرى بىلەن سەبىيلەر قەلبىگە ئاقلىق، پاكلىق بەخش ئېتىسەن. خىرەلەشكەن كۆزلىرىڭنىڭ ۋاقىتسىز ئۆچكەن نۇرى بەدىلىگە مەرىپەت ئاسمىنىدا مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان يۇلتۇزلارنى چولپان كەبى چاقنىتىسەن، پارلىتىسەن.

پىر چەڭگىنىڭ روھى بىلەن زاكون تايىقىڭدا بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ھاياتلىق يولىمىزدا ھەقىقىي بىر ئادەم بولۇشقا ئۈندەيسەن. ئېسىل خىسلىتىڭ بىلەن روھىي دۇنيايىمىزدىكى يامان ئىللەتلەرنى سۈپۈرۈپ، دىلىمىزغا ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەت نۇرلىرىنى چېچىپ، قەلبىمىزنى يورۇقلۇققا باشلايسەن. سەن ئاددىي بىر سىنىپتا، ئاددىي بىر مۇنبەردە بور توزانلىرى ئارىسىدا ياشىساڭمۇ، ئۈچۈرۈم بولۇۋاتقان قۇشلىرىڭ بىلەن ئۆمرۈڭ بويى پەخىرلىنىپ ياشايسەن.

سەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىقسەن، چۈنكى، سېنىڭ «مۇئەللىم» دېگەن يۈكسەك نامىڭ بار. سەن دۇنيادىكى ئەڭ قالتىس باغۋەن. چۈنكى، سېنىڭ ھەممە يەردە يېتىشتۈرگەن كۆچەتلىرىڭ بار.

سەن ئەل ئۈچۈن ئاققۇزغان مىننەتسىز قان ـ تەرىڭ بىلەن قەدىرلىكسەن. چۈنكى، سەن تەمەسىز ئاققۇزغان ئاشۇ ھالال قان-تەرىڭ كەينىدە ئەل ـ يۇرت، ۋەتەننىڭ كۈلۈپ تۇرغان ئىقبالى بار.

سەن «ئۇستاز» دېگەن نامىڭ بىلەن مەڭگۈ ـ مەڭگۈ ئۇلۇغ سەن. چۈنكى، «كەشپىيات پىرى» ئېدىسوننىڭمۇ، «مۇزىكا ئاتىسى» بىتخوۋېننىڭمۇ، شېئىرنىڭ پىر ئۇستازى نەۋائىينىڭمۇ، بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر لوقمان ھېكىمنىڭمۇ ئۇستازى بار. ئۇستاز، سەن بەرگەن تەلىملەر ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا قەلبىمىزگە يار. سېنىڭ ئاددىيلىقىڭ ئىچىدە ئۇلۇغلۇقۇڭ بار.

ھايات يانغان، يېنىۋاتقان ۋە يېنىپ تۈگەيدىغان شامدۇر. ئۆزىنىڭ ھاياتلىق شامىنى بىر ئۆمۈر ئەل ـ ۋەتەن ئۈچۈن ياندۇرالىغان كىشىلا ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەنگەن چىن ئىنساندۇر. ئۇستاز دەل شۇنداق ئۆزى كۆيۈپ تۈگەش بەدىلىگە باشقىلارغا ئىللىقلىق ۋە يورۇقلۇق ئاتا قىلىدىغان ھارارەتلىك شامدۇر. ئۇستاز روھى بېرىشنىلا بىلىپ ئېلىشنى ئويلىمايدىغان مۇقەددەس روھتۇر. دۇنيادا بىز ئۆگەنگۈچىلەرنى ياخشىلىققىلا باشلاپ يامانلىقتىن قاچۇرىدىغان ئۇستاز روھىدەك ئۇلۇغۋار روھ يوقتۇر.

قاقاقلاپ كۈلگىن ئۇستاز! ئەنە قارا، سەن تىككەن كۆچەتلەر مېۋە بەرمەكتە. سەن تەربىيەلىگەن ئوغلانلار كۆرەش ئىچىدە ئات چاپتۇرۇپ كەلمەكتە. سەن تېرىغان گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ يۇرتىمىز قوينىنى خۇشپۇراق گۈللەرگە پۈركىمەكتە.

پەخىرلەن ئۇستاز! ئەجرىڭ شەنىگە ئەل ـ ۋەتەن ساڭا دەستە ـ دەستە گۈللەرنى تۇتماقتا. ۋەتەننىڭ ھەربىر جايىدىن ساڭا قۇت تىلەپ، بايرىمىڭنى مۇبارەكلەپ مەدھىيە كۈيلىرى ياڭرىماقتا:

ئۇستاز، بايرىمىڭغا مۇبارەك بولسۇن، ھەربىر كۈنۈڭ بايرام بولسۇن!

(جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ
2015 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)

مۇھەررىر: ئالىم كېرىم كۆكئالىپ
ئېلخەت: alimkerim@sina.com






# CONTENTS مۇندەرىجە

بەت بوسۇغىسى

ئۇستاز، بايرىمىڭغا مۇبارەك بولسۇن! ........................ رۇقىيە تۇرسۇن 1

مەنئۇيەت بۇلىقى

كىتابنىڭ نەشر سۈپىتى ۋە ئىجتىمائىي تەسىر كۈچى ..... ئەنۋەر تاشتۆمۈر 4

ئۇستاز ئېھتىرامى

ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەش ئېسىل پەزىلەتتۇر ...... مۇھەممەدجان تىلىۋالدى 8

كەچمىشلەردە ھېكمەت بار

مېنىڭ ئاتمىش يىلىم ........................................ ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر 11




نەشرىيات باشلىقى: يۈ شيۇخۋا
نەشرىيات باش مۇھەررىرى: جۆرئەت سەيپۇل
نەشرىيات مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مىجىت تۇرسۇن




«ئابىدە بىيو پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى»نىڭ قۇرغۇچىسى — ئوبۇلھەسەن روزى
ئۇرۇمچى «جۇپ قول كەسپىي سۈرەتخانىسى» تارتقان

«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى
新疆青年维文部编
شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر گېزىت - ژۇرناللار نەشرىياتى نەشر قىلدى
新疆青少年报刊社出版

(ئومۇمىي 616 - سان)

يېرىم ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال (9 - 2016)

نەشرىيات مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى:
ئىجرائىيە باش مۇھەررىر:
تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى:
ئەدىبە ئابلەت

تەھرىر بۆلۈم مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:
روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ قاشتاش
ئالىم كېرىم كۆكئالىپ

مۇھەررىرلەر: تۇرسۇن قۇربان كۆلپىتى، زۇمرەت مىجىت

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىر، تېخىرىداكتور:
ئەنەسجان مۇھەممەت

مەسئۇل كوررېكتور:
نۇرگۈل روزى

سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىسى: نۇردىھاجىم تۇرغۇن
ئېلان بۆلۈمى مۇدىرى: ھەسەنجان ئابدۇراخمان

پوچتا نومۇرى: 830002
ئېلان ئىجازەت نومۇرى:
6500006000034
شىنجاڭ بايى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
新疆八艺印刷厂印刷
ژۇرنال نامىنى ئابلىكىم ئەمەت يازغان

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرناللارنىڭ داۋاملىق نەشر قىلىنىش نومۇرى:
(国际标准连续出版物号): ISSN1002 - 9109
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرناللارنىڭ داۋاملىق نەشر قىلىنىش نومۇرى:
(国内统一连续出版物号): CN65 - 1029/C
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: (邮政代码) 58 - 50
پوچتا نومۇرى: (邮政编码) 830002
مۇشتەرى باھاسى: (定价/元) 8.00 يۈەن
پارچە باھاسى: (定价/元) 10.00 يۈەن

地址:乌鲁木齐市人民路 33 号瑞达国际大厦 8 

قىزىق نۇقتا

ئادەمنىڭ ئەزالىرى قانداق كۆچۈرۈلىدۇ؟ ............................................ ئالىمجان قادىر شىپائىي 16

يارقىن خاتىرىلەر

بوۋامنى ئەسلەيمەن ..... (ئەدەبىي خاتىرە) .... ئەزىزى 18

سىرداشلار سەيلىگاھى

سالون ئىنقىلابى ............................ زاھىر بۇرھان 22

يىپەك ۋادىسىدىن سۆز

ئەجدادلىرىمىزنىڭ تامغا بېسىش ۋە ئەن سېلىش ئادەتلىرى ............ ئابدۇرىشات مۇساجان توغرۇل 32

تۇرمۇش گېزىتى

بىلىپ قويغان ياخشى ........................................ 39

سېھىرلىك دۇنيا

نەي لېۋى ......................... ئابلىجان ھېيت 40

كېتىدىغان ئادەممەن ....... ئەھمەد يۇسۇپ سەرداھى 41

ئېچمەدە نەي چالار دەريانىڭ لەرزى ... ئابابەكرى ئابلىز 42

ئۆچمەس سىمالار

زوردۇن سابىر بىلەن تونۇشۇش .... توماس خوپپر(گېرمانىيە) 44

كۆزنەك

«ئابىدە»نىڭ تەرەققىيات يولى ...... ئابلەت ياسىن بابا 46

بىر بەتتە تۆت بەت

بىلىپ قويۇڭ، ئەسقېتىپ قالار .............................. 52

ئىبرەتلىك دۇنيا

ئۆچىنچى شەخس ............................ ئابلەت ئابدۇللا 53

ئەدەبىيات ئالىمدە

دۇنيا دېگەن بىر پىيالە غەم .............................. ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى 58

خەتتاتلار مۇنبىرى

ئىسكەندەر ئىسمائىل ئىلچىن دىۋانى خەت ئەسەرلىرىدىن ....... 64



ئانا تىلدىكى ئەقلىي ئىشقتدارلىق ئۇسكۈنىلەر يولباشچىسى









«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى بۇلاق كىتابخانىسىدىن
خۇسۇسىي كىتابخانىلار ۋە ئوقۇرمەنلەرگە تارقىتىلىدۇ. مۇشتەرى
بولغۇچىلار ۋە كىتابخانىلار «بۇلاق كىتابخانىسى» بىلەن ئالاقىلىشىڭ
مۇلازىمەت تېلېفونى: 8562081، 8521633 ـ 0991

بۇلاق كىتابخانىسى ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلارغا ۋە ئوقۇرمەنلەرگە قىزغىن سالام يوللايدۇ

ھەر خىل كىتابلار ۋە ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىغا ھەر ۋاقىت زاكاز قوبۇل قىلىمىز ھەم
ئېتىبار باھادا يەتكۈزۈپ بېرىمىز.

شىنجاڭ ياشلىرى ژۇرناللار نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ ياشلىرى»، «تارىم غۇنچىلىرى»، «كارخانىچى»،
«ئىستۇدېنت»، «تەپەككۇر» قاتارلىق ژۇرناللارنىڭ توپ، پارچە سېتىش ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ئورنى ـ بۇلاق كىتابخانىسى.

جوپ قول كەپىي سۈرەتخانىسى

0991 ـ 6766123
WWW.SURATHANAM.COM


بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ قاشتاش

# كىتابنىڭ نەشر سۈپىتى ۋە ئىجتىمائىي تەسىر كۈچى

◉ ئەنۋەر تاشتۆمۈر

نۆۋەتتە كىتابنى ئەقلىي تونۇش ۋە ئەقلىي ئوقۇش مۇھىم بولۇپلا قال-
ماستىن، بەلكى ئەقلىي نەشر قىلىش، ئەقلىي ساقلاش، بۈگۈنكى ۋە كەلگۈ-
سىدىكى قانۇنىي ئىگىلىرىگە ئەقلىي يەتكۈزۈشمۇ ئوخشاشلا ناھايىتى مۇھىم
بىر تەخىرسىز مەسىلىگە ئايلانماقتا. بۇ مەسىلە مىللىي ئۆزلۈك ۋە دۇنياۋى
رىقابەت نۇقتىسىدىن كىتاب مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ
يۈكسەك دىققەت - ئېتىبارىنى تارتىشى لازىم. كۆرۈنۈشتە ئاددىي بىر جى-
سىم بولغان كىتابنىڭ توشۇيدىغىنى ۋە يەتكۈزىدىغىنى بىر مىللەت كىشىلىرى-
نىڭ مۇئەييەن ماكان - زاماندا ھاسىل قىلغان بارلىق مەنىۋى ئۇتۇقلىرى
بولۇپ، ئۇنىڭدىن شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ ھەممە نەرسىسىنى، جۈملىدىن
مىللىي روھى بىلەن مىللىي ئىجادىيەت كۈچ - قۇدرىتىنى كۆرۈپ يېتىش
تامامەن مۇمكىن. كىتاب مەڭگۈلۈك قىممىتى بىلەن ئادەمنى ئادەم ئەتكەن-
دە سۈزۈلىدىغان زامانىى تەسەۋۋۇر قىلماق ئانچە تەس ئەمەس. يەنە كىتاب
يورۇتقان روھنىڭ ساماسىدىن بۈيۈكلۈككە شولا تاشلىماق، كىتاب سۇغارغان
دىلنىڭ چىمەنىدىن بۈيۈكلۈك گۈللىرىنى ئۈزمەك، كىتاب ئىجادىغا خىراج
قىلىنغان ھاياتتىن بۈيۈكلۈك نىشانى تاپماق ئوخشاشلا ئۇنچە تەس ئەمەس!
بۇ ئېنىقلا بىزنىڭ كىتابقا تەپەككۇر يۈكسەكلىكىدە، مىللىي ئاڭ يۈكسەكلى-
كىدە ۋە مەدەنىيەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئەقلىي مۇئامىلە قىلىشىمىزنى
تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، كىتابنى ئادەتنىڭ سىرتىغا چىقىپ قايتا تونۇش، ئا-
قىلانە ئىجاد قىلىش، سۈپەتلىك نەشر قىلىش، قەدىرلەپ ساقلاش، ئوقۇر-
مەنلەرنىڭ قولىغا ۋە تەپەككۇر بوشلۇقلىرىغا تاپشۇرۇش، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي
تەسىر كۈچىنى ئەقىل تارازىلىرىدىن ئۆتكۈزۈش ھەر بىر دەۋر كىتاب مە-
دەنىيىتى ئەھلى - ئۆلپەتلىرىنىڭ مىللىي مەسئۇلىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كىتابنىڭ كۆپ قاتلام ۋە كۆپ قىرلىق ئىجادىي ئەمگەك جەريانى تەر-
تىپلىك ئۇلانما ھالەت شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق كىتابنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى،
سۈپىتى ۋە قىممىتىنى بەلگىلەيدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭدا ئاپتور بىلەن نەشرى-
ياتلارنىڭ تۇتىدىغان مۇھىم ئورنى ئېنىق گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. بىز تىلغا ئې-
لىۋاتقان كىتابنىڭ نەشر سۈپىتى مەسىلىسىمۇ ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشاشلا
ئاپتور بىلەن نەشرىياتلارنىڭ ئىككى ياقلىملىق ئىجادىي ئەمگەكلىرىنىڭ
سۈپىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. تەرتىپ ۋە ئاساس نۇقتىسىدىن قارىغاندا،
كىتابنىڭ نەشر سۈپىتى ئالدى بىلەن ئاپتور ئەمگىكىنىڭ ۋەزنى ۋە قىممىتى-
گە مەنسۇپ. دەرۋەقە، ئاپتور ئىجاد قىلغان كىتابلار بولمىسا نەشرىياتلار-
نىڭ مەۋجۇتلۇق قىممىتى ۋە ئەمەلىي ئىجتىمائىي ئورنى بولمايدۇ. يەنە













ئاپتور ئىجاد قىلغان كىتابلارنىڭ ئەسلىي سۈپىتى تەلەپكە يەتمىسە، نەشرىياتلارنىڭ ئىش قوشۇپ ئىشلەشلىرى ياكى تېخنىكىلىق ئىش تەرتىپلىرىنىڭ ئۈنۈمى بەربىر كار قىلمايدۇ. زامانىۋى دەۋردىكى كىتاب مەدەنىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كىتاب گەرچە ئاپتورنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ نەشرىياتلارنىڭ تېخنىكىلىق پىششىقلاپ ئىشلىشىدىن ئۆتمەي تۇرۇپ مۇكەممەل كىتابلىق سالاھىيىتىگە ئىگە بولالمايدۇ. بۇ، كىتابقا قويۇلىدىغان تېخنىكىلىق تەلەپتىن باشقا، مەدەنىيەت تەلىپى ۋە سىياسىي تەلەپ تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. شۇڭا، نەشرىياتلارنى كىتابنى بەلگە قىلغان مەدەنىيەتنىڭ ئاساسلىق ئۆتكىلى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئۆتكەل ئاپتورلارنىڭ ئىجادىي ئەمگەك مېۋىلىرىگە نەشر تەستىقى سېلىپ ياكى نەشر يول خېتى كېسىپ، ئۇلارنىڭ رەسمىي قانۇنلۇق نەشر بۇيۇمى سۈپىتىدە تارقىلىشى، ساقلىنىشى ۋە ئوقۇلۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. بۇ نۇقتا ھەرقانداق بىر ئىجادىي خاراكتېرلىك بىرىنچى قول ئەسەرلەرنىڭ نەشرىيات ئۆتكىلىدىن، ئۇلارنىڭ نەشر تەستىقىدىن ئۆتمەي، نەشر يول خېتىنى ئالماي تۇرۇپ نەشر يۈزى كۆرەلمەيدىغانلىقىدىن، كۇتۇپخانىلارغا كىرىپ، ئۇلارنىڭ جۇغلانما بايلىقىغا ئايلىنالمايدىغانلىقىدىن، ئوقۇرمەنلەر ئارىسىغا يېتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇش ۋە تەتقىقات پائالىيىتىگە كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلالمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

نەشرىياتلارنى يەنە مەدەنىيەتنىڭ پىچى دېيىشكە بولىدۇ، چۈنكى نەشرىياتلار مەدەنىيەتنىڭ ئۆزى ۋە توشۇغۇچى جىسمى بولغان بىرىنچى قول كىتابلارنى تەكشۈرۈش، تەھرىرلىك، لايىھە ۋە كوررېكتورلۇق ئۆتكەللىرىدە قايتا - قايتا تاۋلاپ، گۈزەل ۋە مۇكەممەل شەكىلدىكى ئىستېمال بۇيۇمى سۈپىتىدە نەشر قىلىپ جەمئىيەتكە تارقىتىدۇ. تاۋلاپ چىقىلغىنى كىتاب شەكىللىك بىلىم - ئۈچۈر زەرلىرى بولۇپ، بىر رايون، بىر مىللەت ۋە بىر دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە، شۇنداقلا يەنە كىشىلەرنىڭ مەنىۋى قىياپەتلىرىنىڭ زىننىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ خىل سەۋىيە ۋە زىننەتتىن خالىي ھالدىكى كىشىلەرنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدە كۆرەك - ھۆسن، جەلپكارلىق، ئىپتىخار ۋە مەغرۇرلۇق بولمايدۇ. مەنىۋى نامراتلىق ۋە مەنىۋى كۆرۈمسىزلىكلەر ئاشۇ خىل مەھرۇملۇقنىڭ نەتىجىسى ياكى ئىسپاتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئادەملەرنى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات سەپلىرىدىن بىر - بىرلەپ شاللىۋېتىدۇ. نەشرىياتلار نەشر قىلغان كىتابلار مىللەتنىڭ مەنىۋى بايلىقى بولۇپ، ئىجتىمائىي ئىستېمال ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ مەنىۋى يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇلارنى مەدەنىيەت سالاھىيىتىگە، زامانغا لايىق ئاڭ-ئىدىيەگە ۋە ئىنساندەك ياشاش ھەققى-ھۆرمىتىگە ئىگە قىلىدۇ. كۈنىمىزدە مەدەنىيەتنى توشۇغۇچى كىتابلارنىڭ قانداق بىر سۈپەتتە نەشر قىلىنىشى، قانداق بىر ئورۇنغا قويۇلۇشى، قانداق بىر ھالدا ئىستېمال قىلىنىشى مەدەنىيەتنىڭ، شۇنداقلا مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلىۋاتقان ۋە مەدەنىيەت ۋەكىللىك قىلىۋاتقان مىللىي تۈركۈمنىڭ مەۋجۇتلۇق تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. كىتابنىڭ نەشر سۈپىتى، ئالدى بىلەن ئاپتورلارنىڭ ئىدىيە ۋە تەپەككۇر دەرىجىسىگە، يېزىقچىلىق ماھارىتىگە، بىلىم قۇرۇلمىسىغا؛ تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىلمىي ئالدىن كۆرۈش دىتىغا باغلىنىپ، ئاساسىي مەھسۇلات سۈپىتىدىكى بىرىنچى قول كىتابلارنىڭ نەشر ئۆتكىلىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈشىگە پايدىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



شەرت ـ شارائىت يارىتىدۇ. بۇ يەردە زامان مەنىسىدە قەرەل-
لىك يولغا قويۇلىدىغان نەشر ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئەۋزەل
سىياسەت ۋە قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن ۋاقتىدا خەۋەر تېپىش ھەم
ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنىڭمۇ ئاپتورلارنىڭ كىتاب تېمى-
لىرىنى تاللاش، تاماملاش ۋە جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈ-
رۈش ئىشلىرىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بىلىش لازىم.
زامان تەقەززا قىلغان كىتاب تېمىلىرى بىلەن زامان خاراكتېر-
لىك پىلانلىق كىتاب تېمىلىرى گاھى ھاللاردا ئاپتورلارنىڭ
ئۆز پىلانى بويىچە ئىجاد ئەتكەن ئىزچىللىقا ئىگە كىتاب تېمى-
لىرىدىنمۇ تېزرەك نەشر قىلىنىشى، ھەتتا كۈچلۈكرەك ئىجتىما-
ئىي تەسىر قوزغىشى مۇمكىن. ئىككى خىل پىلان ۋە تېما ئاسا-
سىدىكى كىتاب ئىجادىدا ئاپتورلار چوقۇم زاماننىڭ ۋىجدانىغا،
مىللەتنىڭ مەدەنىيەت كىملىكىگە ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى ھال-
قىشلىرىغا ۋەكىللىك قىلىشى، ماددىي دۇنيانىڭ قانۇنىيەتلىرىنى
ئىگىلەش بىلەن روھىي دۇنيانىڭ پايانىدا پەرۋاز ئېتىشتىن ئىبا-
رەت بىلىش ھەرىكىتىنى بىردەممۇ توختىتىپ قويماسلىقى، تە-
پەككۇرنىڭ يۈكسەك نۇقتىلىرىدىكى ئىجادىيەت سىناقلىرىدىن
ئۆتۈشكە ھەرۋاقىت تەييار تۇرمىقى لازىم بولىدۇ. تارىخ بولۇپ
قالىدىغان، شۇنداقلا تارىخنىڭ روھىغا ئايلىنىپ ئىنساننىڭ ھا-
ياتىي ھالقىشلىرىنى يېتەكلەيدىغان ۋە مۇئەييەن ئىجتىمائىي سا-
ئادەتكە مەنىۋى ئاساس سالىدىغان ئۆلمەس ئەسەرلەرنىڭ ئى-
جادىيەت سالاھىيىتى ھەم مەدەنىيەت تەۋەلىكىگە ۋەكىللىك قى-
لىش بۇرچىنى ئىنسانىي قىممەت نۇقتىلىرىدا قايتا ئويلىنىپ كۆ-
رۈشلىرى، ئۇنى ئۆزلۈك ئازادلىقى ۋە ئۆزلۈك سائادەتلىرىنىڭ
ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشىگە قويۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىي ھا-
ياتلىق ئۆلچەملىرى بىلەن ئۆلچەپ بېقىشلىرى لازىم. ئەنئەنە ـ
مەدەنىيەت مەنىسىدە ئىزچىل داۋاملىشىدۇ، ئۇ مەدەنىيەتنىڭ
ئۇلانما ھالىتى ۋە سوزۇلما شەكلىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئاپتورنى
تەۋەللۇت قىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ئاپتورنىڭ ئىجادىيەت جەريانى
ئەنئەنىدىن چىقىپ ئەنئەنىگە قايتىش جەريانى بولۇش سۈپىتى
بىلەن ئەنئەنىگە يېڭىچە يول ئاچىدۇ، ئۇنىڭ زامان بىلەن بول-
غان ئارىلىقىنى قىسقارتىدۇ، ھەتتا زاماندىن ھالقىش قەدىمىنى
تېزلىتىدۇ. بۇ نۇقتىدا ئاپتور ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، نېمىگە
تايىنىپ نېمىدىن ھالقىشى كېرەكلىكىنى، بۇرچ بىلەن سالاھىيەتى-
نىڭ مەدەنىيەت زېمىنىدىكى ھەقىقىي قىممىتىنى چوقۇم تونۇپ
يېتەلەيدۇ. دېمەك، ئاپتور بولۇش ئۈستۈن مەنىۋى بىلىش پەل-
لىسى يارىتىشتىن، مەدەنىيەت ئىجادىيىتى بىلەن مەشغۇل بو-
لۇشتىن ۋە ئۇنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە كونكرېت ئەسەر تەقدىم
ئېتىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئاپتور تەقدىم ئەتكەن ئەسەرلەر، بو-
لۇپمۇ ئۇنىڭ سۈپىتى بىرلەمچى ئورۇندا تۇرۇپ، نەشرىي ئە-
سەرلەرنىڭ سۈپىتىنى بەلگىلەيدۇ. چۈنكى ئەسلى ياكى بىرىنچى
قول ئەسەرلەر بىلەن نەشرىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇن سۈپىتىدە
ئادەتتە ئالاھىدە چوڭ پەرق بولمايدۇ. نەشرىي ئەسەرلەر كۆ-
پىنچە ھاللاردا ئەسلىي ئەسەرلەرنىڭ تېخنىكىلىق سۈپىتىگە ۋە-
كىللىك قىلىپ، مەزمۇن سۈپىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەينەن
ساقلاپ قالغان بولىدۇ.

كىتابنىڭ نەشر تەقدىرى ئۇنىڭ ئەسلى سۈپىتىگە باغلىنىش-
لىق بولغاچقا، نەشرىياتلارنىڭ كەسپىي ئىش تەرتىپلىرى سۈپەت
مەسىلىسىدە يەنىلا ئىككىلەمچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەلۋەتتە،
گاھى ھاللاردا ئاپتورنىڭ بىرىنچى قول ئەسەرلىرى ئاپتور نۇق-
تىسىدىن يۇقىرى باھالانغان بىلەن، ئەمما نەشرىيات نۇقتىسى-
دىن يۇقىرى باھالانماسلىقى، تېماتىك پىلاننىڭ نۆۋەتتىكى
جىددىي ئېھتىياجىغا ياكى زاماننىڭ تەلىپىگە ماس كەلمەي قېلى-
شى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، نۆۋەتتىكى نەشرىياتچىلىقىمىزدا
نەشرىياتلار بىلەن ئاپتورلارنى ھەمكارلىق ئاساسىدا بىر گەۋ-
دىگە ئۇيۇشتۇرىدىغان ئورگان، مېخانىزم يوق. نەشرىياتچىلىق-
نىڭ زامانىۋى تەرەققىياتىدا، ئۇنىڭ ئاساسىي مەھسۇلاتى بولغان
كىتابلارنىڭ سۈپىتى مەسىلىسىدە جەمئىيەتتىكى ھەربىر كىشىنىڭ
مىللىي مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى ئاشكارىلاپ تۇرىدۇ. شۇڭا، نەش-
رىي كىتابلارنىڭ سۈپىتىنى بەلگىلىگۈچى ئىككىلەمچى ئورۇندى-
كى نەشرىياتلار تېماتىك پىلاننىڭ ئەقلىيلىكىگە، قاراتمىلىقىغا،
ئىجتىمائىي مىللىي ئېھتىياجنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قاتلىمىنى
تولۇق ئۆز ئىچىگە ئېلىش دەرىجىسىگە، بازار بىلەن بولغان
ئېلاستىك مۇناسىۋىتىگە، ئىدىيە مەدەنىيەت بايلىقلىرىنىڭ ماكان ـ
زاماندىن ھالقىش قۇدرىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى؛ تەھ-
رىرلىك، كوررېكتورلۇق، لايىھە ۋە باسما ئىش تەرتىپلىرىنىڭ
لاياقىتىگە، ئۆلچىمىگە ۋە سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى؛ ئادەم
بىلەن ئىش ئورنىنىڭ تەتۈر تاناسىپ كېلىپ، ئىقتىدار ۋە تالانت
بايلىقىنىڭ ئىسراپ بولۇشىنىڭ ياكى ئۇنىڭ ئەكس تەسىر كۆر-
سىتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشلىرى لازىم. كىتابنىڭ نەشر سۈپىتى
ئۇنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل سۈپىتىنىڭ بىرلىكىدە كۆرۈلۈپ،
ھەرقايسى مەنپەئەتدار تەرەپلەرنى قايىل ھەم مايىل قىلىدۇ.
خۇسۇسەن ئىجتىمائىي خاراكتېرلىك كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى
مەسىلىسى مەلۇم تەرەپنىڭ سۇنئىي تەشكىللىشى ئارقىلىق ئە-
مەس، بەلكى كىتابنىڭ نەشر سۈپىتى ئارقىلىق تەبىئىي ئەمەلگە
ئاشىدۇ. چۈنكى ياخشى كىتاب ھامان خېرىدارلىق بولىدۇ، ئۇ-
نىڭ نەشر قىلىنىشى كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي ئېھتىياج قاتلىمى
ئاستىدا يوشۇرۇن ساقلىنىدىغان ئالاھىدە ئېھتىياج نۇقتىلىرىنى
ئېچىپ بارىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ خېرىدارىمۇ ئۆزى بىلەن
تەڭ تەدرىجىي مەيدانغا كېلىدۇ. يەنە بىر مەسىلە شۇكى، ياخشى
كىتابنىڭ ياخشى نەشر شەكلىنى يارىتىشتا نەشرىياتلار چوقۇم
ئاپتورلار بىلەن زىچ ھەمكارلىشىشى، ئۇلارنىڭ پىكىر ـ تەلەپ-
لىرىگە ھۆرمەت قىلىشى، ئۇلارنى كىتابنىڭ نەشر جەريانى بىلەن
تارقىتىش جەريانىغا باشتىن ـ ئاخىر قاتناشتۇرۇشى لازىم.

كىتابنىڭ ئىجتىمائىي تەسىر كۈچىنىڭ قانداق بولۇشى، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىجادىيەت سۈپىتىگە، نەشر سۈپىتىگە، تارقىلىش دائىرىسىگە، ساقلىنىش زاپىسى ۋە مىقدارىغا، ئاندىن ئوقۇش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش دەرىجىسىگە باغلىق بولىدۇ. كىتاب مانا شۇنداق بىر قاتار جەريانلاردىن ئۆتكەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ بىلىم ـ ئۇچۇرنىڭ توشۇغۇچى جىسىملىق رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، بەلگىلىك ئىجتىمائىي مەنىۋى ئۈنۈم ھاسىل قىلالايدۇ. بۇ خىل ئۈنۈم كىتاب ۋەكىللىك قىلىۋاتقان ياكى كىتاب ئۆزىگە سىغدۇرۇپ تۇرۇۋاتقان مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىش شەكلىدە كىشىلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا كۆرسەتكەن تۈپكى تەسىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەلۋەتتە، كىتابنىڭ ئىجتىمائىي تەسىر كۈچى نوقۇل ھالدا ئۇنىڭ نەشر سۈپىتىگىلا باغلىق بولۇۋەرمەيدۇ. سۈپەتلىك نەشر قىلىنغان كىتابلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالاھىدە ئىجتىمائىي تەسىر پەيدا قىلالماسلىقىدا ئۇنىڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىلىش چەكلىمىسىگە ئۇچرىشىدىن باشقا، يەنە تارقىلىش چەكلىمىسىگە ئۇچرىشىمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر. نەشر سۈپىتى ياخشى كىتابلارنىڭ ئىجتىمائىي تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇشتا، كىتابنىڭ ئۆزىدىكى ئالاھىدە مەدەنىيەت قىممىتىگىلا تايىنىش كۇپايە قىلمايدۇ، بۇنىڭدا ئاپتور، نەشرىيات ۋە كۇتۇپخانىلارنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم تەشۋىقاتى بىلەن بىرلەشمە تەشۋىقاتىغا تايىنىپ، جەمئىيەتتىكى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى خەۋەردار قىلىشنى ھەمدە ئۇلارنى ئاڭلىق يېتەكلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر. فۇنكسىيە جەھەتتىن قارىغاندا، نەشرىيات بىلەن كۇتۇپخانا نەشرىي كىتابلارنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ۋە تەسىرىنى چىقىش قىلغان مەدەنىيەت مۇئەسسەسەسى بولۇپ، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ۋە كىتاب مەدەنىيىتى ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە باغلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، بۇ ئىككى قېرىنداش فۇنكسىيەلىك ئورۇننىڭ ئوقۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي رولىدىن پايدىلىنىپ، نەشرىي كىتابلارنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ۋە تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇش لازىم. مەيلى نەشردىن چىققان يېڭى كىتاب بولسۇن ياكى كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كونا كىتاب بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئىجتىمائىي قىممىتى كىشىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز، تەكرار ئوقۇش ھەرىكىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىر ياخشى كىتاب ھاسىل قىلغان ئىجتىمائىي مەنىۋى ئۈنۈمنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى تۆۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. سۈپەتلىك ئەدەبىي كىتابلارنىڭ ئوبراز ئارقىلىق يېتەكلەش كۈچى كىشىلەرنىڭ ئۆزلۈك ئوبرازىنى تونۇش ۋە لايىھەلىشىدە، شۇنداقلا روھنىڭ تەسىرلىنىش داۋامىدىكى ئاساسىي زىلزىلىلىرىنى ئەقلىي ھەرىكەتنىڭ چىقىش نۇقتىلىرىغا يەتكۈزۈپ ھالقىش ھاسىل قىلىشلىرىدا تېپىك ئىپادىسىنى تاپىدۇ. سۈپەتلىك پەننىي كىتابلار ۋە ئىدىيە مەدەنىيىتىگە ئائىت سەرخىل كىتابلارنىڭ تەسىرى تېخىمۇ چوڭقۇر بولۇپ، كىشىلەرنىڭ مۇكەممەل ئىدىيە ۋە ئىنسانىي كامالەت پەللىسى يارىتىشىدا، شۇ ئارقىلىق دۇنيانى بىلىش، ئۆزگەرتىش ۋە قايتا يارىتىشىدا ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ. كىتابنىڭ ئىجتىمائىي تەسىر كۈچى ئىجتىمائىي ئوقۇش مۇھىتى، ئادىتى ۋە ئېھتىياجىغا زىچ باغلىنىشلىق بولغاچقا، كىتابنىڭ نەشر سۈپىتىدىن باشقا، يەنە كۇتۇپخانىلارنىڭ جۇغلانما سۈپىتىگە ۋە ئىجتىمائىي مۇلازىمەت كۆلىمىگە دىققەت ئاغدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. كۇتۇپخانىلار كىتابنىڭ كۆپلۈك ھالىتىگە بەلگە بېرىپ، مەدەنىيەتنىڭ ئەنئەنە ئىچىدە بىر ـ بىرىگە ئۆتىشىشى ۋە بىر ـ بىرىدىن ھالقىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ تەكرار ئىجادىيەت جەريانىنى سىستېمىلىق بايلىق مەنبەسى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

كىتاب ئەنە شۇنداق مول مىللىي مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى نامايان قىلىش، ئەكس ئەتتۈرۈش، ساقلاش، توشۇش ۋە تارقىتىش ئارقىلىق تەكرار، ئىككىلەمچى مەدەنىيەت گۈللىنىشىگە دەۋرىيلىك تۈردە ئىزچىل تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىز كىتابنىڭ زامان ۋە ماكان كېزىش داۋامىدا تارىتقان مەدەنىيەت نۇرلىرى ئارقىلىق قەلبىمىزنىڭ مەۋھۇم تاڭلىرىنى يورۇتۇش، دۇنياغا سۈزۈك نەزەر بىلەن بېقىش ۋە ئىنسانىي سۈپەت مەنزىلىگە يېتىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەنلىرىمىزدە، ئۇنىڭ ئەس ـ خاتىرىلەر يېتىپ بارالمايدىغان زامان چەكسىزلىكىدىكى تەڭداشسىز ۋە توسقۇنسىز كۈچ ـ قۇدرىتىگە قايىل بولماي تۇرالمايمىز.

(ئاپتور: ش ئۇ ئا ر كۇتۇپخانا «كىتاب مۇنبىرى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە باش مۇھەررىر)

مۇھەررىر: ئالىم كېرىم كۆكئالىپ
ئېلخەت: alimkerim@sina.com



مۇھەممەدجان تىلىۋالدى

# ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەش ئېسىل پەزىلەتتۇر

ئۇستاز — ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى، ئۇستاز - كۆيۈۋاتقان شام، ئۇستاز — ئەۋلاد تەربىيەلەشتىن ئىبارەت مۇشكۈل ھەم شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان، ئىنسان قەلبىگە تۇنجى مەرىپەت نۇرىنى چاچقۇچى نۇرلۇق مەشئەل. بۇ مەشئەلنىڭ نۇرى ۋە خاسىيىتى شۇنچىلىك چەكسىزدۇر، ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتى قەدىمدىن ھازىرغىچە، ھازىردىن كەلگۈسىگە قەدەر بولغان ھاياتلىق سەپىرىدە ئۆز رولىنى مۇكەممەل جارى قىلدۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، يەسلى مائارىپىدىن باشلاپ تاكى ئاسپىرانتلىق ئوقۇشى، دوكتورلۇق پەللىلىرىگىچە ھەممە باسقۇچ ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلارنىڭ كۆيۈنۈشى، ئاسرىشى، يېتەكلىشى ۋە تەربىيەلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇستاز شەخس ئۈچۈنلا ئەمەس بەلكى پۈتۈن جەمئىيەت ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىمدۇر. شۇڭا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ سۆيۈملۈك رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى «كىشىلىك جەمئىيەتتە مۇئەللىمنىڭ مېھنىتىدىن پەخىرلىكرەك مېھنەت يوقتۇر. چۈنكى ئالىم، ئىنژېنېر، يازغۇچى، قوماندان، جەمئىيەت، دۆلەت ئەربابى ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى مۇئەللىم مېھنىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر». دەپ ئېيتقانىدى.

ئۇستاز — ئەۋلاد تەربىيەلىگۈچى، ئۇ تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ قەلب تۇپرىقىدا ئەقىدە - ئېتىقاد، ئادىمىيلىك ۋە ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ سولماس گۈللىرىنى ئۈستۈرىدۇ. دانالار «ئۇستا كۆرمىگەن شاگىرت ھەر مۇقامدا يورغىلار» دەيدۇ. دەرھەقىقەت، بۇ سۆزگە ئاجايىپ ھېكمەت سىڭدۈرۈلگەن. ھەرقانداق ئىلىم، ھۈنەر - كەسىپنى، ھەرقانداق ئەخلاق - پەزىلەت، ئادىمىيلىك خىسلەتنى ئۇستاز تەربىيەسى يوق تەسەۋۋۇر قىلىش بەكمۇ قىيىندۇر. تۇغما تالانتلىق ئادەملەرمۇ ھامان ئۆزىگە قوزغاتقۇچى بولىدىغان بىراۋغا موھتاج بولىدۇ.

«ئۇستاز — ئىلىم خەزىنىسىنىڭ ئالتۇن ئىشىكىنى ئاچقۇچى، ئەقىل دۇردانىلىرىنى چاچقۇچى، ھېكمەت قامۇسىنىڭ مەنىلىرىنى يەشكۈچى، تارىخ بىلەن ماكان، تىلسىم بىلەن زامان ئارىسىدا پەرۋاز قىلىپ، مۇتەپەككۇرلار بىلەن سۆزلەشكۈچى، كامالەت يولىغا باشلىغۇچى ساپ قەلب ئىگىسى». ئۇستازلار ئىنسان قەلبىدىكى قاراڭغۇلۇقنى يورۇتۇپ، ئىنسانىيەتنى بەختكە، گۈزەل كېلەچەككە، پارلاق ئىستىقبالغا يېتەكلەيدۇ، ئالغا ئىنتىلىشكە دەۋەت قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ ھەقتە ئابدۇراخمان جامى: «ئۇستاز، مۇئەللىمسىز قالسا گەر زامان، نادانلىقتىن قاپقارا بولاتتى جاھان» دەپ ئېيتىدۇ. شۇڭا ئەقىللىق كىشىلەر ئۆزىدىن بىلىمى



يۇقىرى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇستازى ئورنىدا كۆرۈپ ھۆرمەت قىلىدۇ. ئۇلارنى زىيارەت قىلىپ، تەلىم ئېلىپ، بىلمىگەنلىرىنى بىلىۋېلىشقا، ئۆزىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تىرىشىدۇ.

ئۇستاز — ئۇلۇغ ئىنسان. ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۆزگىلەرگە ئۇستاز بولالىغانلىقىدا. ئۇستاز ئىلىم بېرىش بىلەن كىشىنىڭ نامىنى ئەۋلادلار ئاغزىدا قالدۇرىدۇ ۋە ئىككىنچى ھايات ئاتا قىلىدۇ. شۇڭا، دانىشمەنلەردىن كامالىددىن بىنايى:

— ئۇستاز ئاتاڭدىن يۇقىرى ھەم ئۇنىڭدىن ئارتۇق ھەققى بار. چۈنكى، ئاتاڭ ھاياتلىق بېرىدۇ، ئۇستاز بولسا نىجاتلىق؛

لوقمان ھېكىم:

— ئۇستازىڭنى داۋاملىق ئەزىز كۆرگىن، ھەر قاچان دانىشمەنلەرنى ئۆزۈڭگە دوست تۇتقىن، ياخشى ئىشلارغا جان - دىللىق بىلەن تىرىشقىن، كىرىشكىن.

موللا ئەلەم شەھيارى:

— بىلىم بەرگەن ئۇستازىڭنى ئاتاڭدىنمۇ ئارتۇق بىل، ئۇنىڭغا ئىززەت - ئىكرام قىل؛

موللا بىلال ئىبنى يۇسۇف خوتەنى:

— ئۇستازلارنى ئاتا - ئانىدىنمۇ ئەلا بىلىپ ئۇنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلغىن؛

مۇھەممەد ئابدۇللا خاراباتى:

— ئۇستازلىرىنى ھۆرمەت قىلغان كىشى ئەزىزلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشىدۇ، دەپ ئېيتقان. كۆپلىگەن ئاقىل دانالار بۇ ھېكمەتكە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىشكە تىرىشقان.

بۈزۈر جۇمھۇر ئۇستازىنى ئاتىسىدىنمۇ بەكرەك ھۆرمەتلەيدىكەن. بىر كۈنى كىشىلەر ئۇنىڭدىن:

— نېمە ئۈچۈن ئۇستازىڭنى ئاتاڭدىنمۇ ئۈستۈن دەرىجىدە ھۆرمەت قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. بۈزۈر جۇمھۇر:

— چۈنكى ئاتام مېنى ئۆتكۈنچى ھاياتقا ئېلىپ كەلدى. ئۇستازىم بولسا ماڭا باقىي ھايات بېغىشلىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئۇستازنى سۆيۈش، ئۇنى ھۆرمەتلەش قەدىمدىن تارتىپ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان ئېسىل ئەنئەنىلەرنىڭ بىرى. «ئۇستاز ئەزىزلەنگەن جاي — دەل بەخت قۇشى بولغان ئەنقانىڭ تۇخۇم باسقان ماكانىدىن ئىبارەت. ئۇستاز ئەزىزلەنمىگەن جاي - ئالتۇن كۆمۈلگەن خارابە ئۈستىدە ھۇۋقۇش ھۇۋلايدىغان ماكانىدىن ئىبارەت.» خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىسىدە ئۇستازنى ناھايىتى ھۆرمەتلەش، ئۇنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتمەسلىك، ئۇستازىغا باش كۆتۈرۈپ قارىماسلىق قاتتىق تەكىتلىنىپ كەلگەن. كونىلاردا «ئۇستاز يەتتە چامدام يىراقتا تۇرۇپ سالام بېرىشكە ئەرزىيدىغان كىشى»، «ئۇستازىڭنى چوڭ داداڭدەك ئاسرا»، «ئۇستا بار ۋاقىتتا قولۇڭنى تارت، ئۇستاز بار ۋاقىتتا تىلىڭنى تارت»، «ئۇستازىنى ھۆرمەتلىگەن ئۇستاز بولار»، «ئۇستازلىق مائاشنى ھالاللاپ ئالىدىغان كەسىپ» دېگەنگە ئوخشاش ھېكمەتلىك سۆزلەر بار. بۇ ھەقتە ئۇستاز بولغۇچىنىڭ تارتىدىغان جاپا - مۇشەققىتىنى بىرمۇبىر سۆزلىمىسەكمۇ بۇ بىزگە ئايان. جىبران خەلىل جىبران: «ھەممە گۈزەللىك - ياخشىلىقنى، سەممىيلىكنى، قەتئىيلىكنى، مۇھەببەتنى ئوقۇتقۇچۇمنىڭ ھەممىسىدىن كۆردۈم» دەپ ئۇستازىغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەنىدى. ئارىمىزدىمۇ شۇنداق باھالارغا نائىل بولغۇدەك ئۇستازلار بار، ئەلۋەتتە. لېكىن، بىز ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتىمىزنى ئىپادىلەشكە سۇسلۇق قىلىۋاتىمىز. جەمئىيىتىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئارىسىدا ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلارنى «ئۇششاق سۆز، بېخىل، قىلنى قىرىق يارىدۇ، بىر تىيىن ئۈستىدە تىك تۇرىدۇ» دەپ مەنسىتمەيدىغان، يەتتە قەدەم ئەمەس، ئىككى - ئۈچ قەدەم ئارىلىقتا تۇرۇپمۇ سالام قىلمايدىغان، ھەتتا توغرا كېلىپ قالسا مۈرىدىۋېتىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان، ئۆزىنىڭ كىملىكى، كىم ئارقىلىق تەربىيەلىنىپ بۈگۈنكى كۈنگە ئۇلاشقانلىقىنى ئويلىمايدىغان ئەھۋاللارمۇ يوق ئەمەس. بۇ ئادەمنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدىغان ئەھۋال.

ئۇستاز - مۇئەللىملەرنى ھۆرمەتلىگەنلەر ھۆرمەت ۋە سائادەت تاپىدۇ. شەكسىزكى، گەپ بىر ئادەمنىڭ قانچىلىك بىلىشىدە



ئەمەس، شۇ ئىلىمنى بىلدۈرگەن ئۇستازنى قانچىلىك ھۆرمەتلىشىدە، ئۇنىڭ نېمىگە ئىگە بولغانلىقى، قانچىلىك ئابرۇي ـ ئىناۋەت تاپقانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۇستازى ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلالايدىغانلىقى ۋە قانچىلىك ئىلتىپات ـ مەرھەمەت كۆرسىتەلەيدىغانلىقىدا. ئۇستازدىن بىلىم ئېلىپ، نام ـ ئاتاق، ھوقۇق ـ مەرتىۋىگە ئېرىشىپ، ئازراق كۈچ ـ قۇۋۋەت توپلاپ ياكى تۆت تەڭگە پۇل تېپىپ بۇنىڭ بىلەن كېرىلىپ ئۆزىگە بىلىم بەرگەن ئۇستازنى پەس كۆرىدىغان، ئۇنىڭ ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ئەجرىگە كۆز يۇمىدىغان، ئۇستازىنىڭ ئۆزىدىن تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنىدىغان ئادەم قىلغان ئىشىدا روناق تاپالمايدۇ، ئۇنداق ئادەمنى ھېچ كىشى كۆزگىمۇ ئىلمايدۇ ۋە ھامان بىر كۈنى كىشىلەر ئالدىدا رەسۋا ـ مات بولىدۇ. بۇ ھەقتە «ئاز ـ ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» ناملىق كىتابتا مۇنداق بىر ھېكايەت بار:

چېلىشىشنىڭ 360 خىل سەنئىتىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن بىر پالۋان بار ئىكەن. ئۇ ئۆز شاگىرتلىرىدىن بىرىگە 359 خىل چېلىشىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ، بىر خىل ئۇسۇلنى ئۆگەتمەي ساقلاپ قاپتۇ.

شاگىرت كۈچ ـ قۇۋۋەت، چېلىشىش سەنئىتىدە ئەلا دەرىجىگە يېتىشىپتۇ. شۇڭا، ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن چېلىشىشقا چۈشەلمەيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى ئۇ پادىشاھقا ئۇستازى توغرىسىدا سۆزلەپ:

— يېشىنىڭ چوڭلۇقى بىلەن ماڭا ئۇستاز بولغانلىقىنى دېمىسەم، ئۇنىڭدىن كەم ئەمەسمەن، — دەپتۇ.



ئۇنىڭ بۇنداق ماختانچاقلىقى پادىشاھقا ياقماپتۇ. پادىشاھ ئاخىر ئۇستاز بىلەن ماختانچاق شاگىرتنى چېلىشىشقا بۇيرۇپتۇ. چېلىشىش مەيدانىغا پادىشاھ، ۋەزىرلەر، ئەمەلدارلار، مەشھۇر پالۋانلار يىغىلىپتۇ.

چېلىشىش باشلىنىپتۇ. شاگىرت ئۇستازىغا ھۆرپىيىپ كەپتۇ. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە «چويۇندىن پۈتۈلگەن تاغ بولسىمۇ، ئۇنى ئورنىدىن يۇلۇۋېلىپ تاشلايمەن» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇستاز ئۆز شاگىرتىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەتتە ئۆزىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، شاگىرتىغا ئۆگەتمىگەن ئۇسۇلى بىلەن تاقابىل تۇرۇپتۇ. شاگىرت ئۇستازىنىڭ بۇ ئۇسۇلىغا تاقابىل تۇرالماپتۇ. ئۇستاز ئۇنى بېشىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئايلاندۇرۇپ يەرگە ئۇرۇپتۇ. تاماشىبىنلار قىيقاس ـ چۇقان سېلىپ ئۇستازنى ئالقىشلاپتۇ. پادىشاھ ئۇستازغا ئېسىل سوۋغات تەقدىم قىلىپتۇ. شاگىرتقا:

— ئۆزۈڭنى ئۇستازىڭدىنمۇ يۇقىرى ئورۇنغا قويماقچى بولدۇڭ، تەكەببۇرلۇق، مەنمەنچىلىك، ئۇستازغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك جاھالەتنىڭ بېشىدۇر، — دەپ تەنبىھ بېرىپتۇ...

بۇ ھېكايەتتىن ئايانكى، ئۇستازنى بىلىم ئالغاندا، ھۈنەر ئۆگەنگەندە ھۆرمەتلىگەندەك قىلىپ، ئۇنىڭ قېشىدىن كەتكەندىن كېيىن، چوڭ بولغاندىن كېيىن ياكى ئازراق بىر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتقاندىن كېيىن ئۇنى ھۆرمەتلەش مەجبۇرىيىتىم يوق دەپ قاراش، ئىلىم بەرگەن ئۇستازىدىن ئۆزىنى كاتتا ساناش، ئۇستازىغا بىھۆرمەتلىك قىلىش تولىمۇ ئەقىلسىزلىكتۇر. شۇڭا، ئىلىم ـ ھۈنەر ئۆگەتكۈچى ئۇستاز مەيلى يېنىدا بولسۇن، مەيلى يىراقتا بولسۇن، مەيلى ھايات بولسۇن، مەيلى ئۆلۈپ كەتكەن بولسۇن، ھەر ۋاقىت ئۇستازنى ئەستىن چىقارماسلىق، مۇۋاپىق ۋاقىتلاردا يوقلاپ ئەھۋال سوراپ تۇرۇش، ھال ـ مۇڭ بولۇپ دەردىگە يېتىش، ئۆز ـ ئۆزىنى «ئۇستازىمنىڭ ئەجرىگە لايىق نېمە ئىش قىلالىدىم؟ ئۇستازىم ئۈچۈن نېمە ئىشلارنى قىلىپ بېرىشىم كېرەك؟» دەپ سوراقلاپ تۇرۇش ھەربىر كىشىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئەقەللىي ئادەمىيلىك خىسلەتتۇر.

دوستلار، ئۇستاز دېمەك — ئالدى بىلەن ئادەم دېمەكتۇر. ھەر قانداق ئادەمدە ھۆرمەت، ماختاش ۋە ئىلھاملاندۇرۇشقا ئېرىشىش تۇيغۇسى بولىدۇ. شۇڭا مىننەت ـ تاماسىز ئۇستازلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىۋاتقان ئاشۇ جاپاكەش ئىنسانلارنى ھۆرمەت قىلايلى. چۈنكى، «مائارىپتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ سىرى — ئۇستاز بولغۇچىلارغا نىسبەتەن ھۆرمەت تۇرغۇزۇشتۇر.» ئاتا ـ ئانىلارمۇ بالىلىرىمىزنى بىلىمسىلىكتىن بىلىشكە يېتەكلىگەن، ئاغزىغا ئىلىم سالغان جاپاكەش ئۇستازلارغا غەزەپ نەزىرىمىز بىلەن قاراپ «ئاش بەرگەنگە مۇشت بەر» مەي، ئۇلارغا ئادەمىيلىك خىسلەت بىلەن مۇئامىلە قىلايلى. قەلبىمىزدە ئۇستازغا بولغان چىن مۇھەببەت، ھۆرمەت ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرسۇن. ئۇستازلار توغراق يېشىدا ياشىسۇن...

(ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە گۈللۈك يېزا ئاقتوقاي كەنتىدە دېھقان)

مۇھەررىر: ئالىم كېرىم كۆكئالىپ
ئېلخەت: alimkerim@sina.com



◉ ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

# مېنىڭ ئاتمىش يىلىم

## (ئىجادىيىتىمنىڭ ئاتمىش يىللىقىنى ئەسلەپ)

1956 - يىلى 9 - ئايدا «شىنجاڭ ياشلىرى» گېزىتىدە «مەكتىپىم» دېگەن شېئىرىم ئېلان قىلىندى. شۇنىڭدىن باشلاپ قىزغىن ھەۋەس ۋە كۈچلۈك ئىلھامنىڭ تۈرتكىسىدە شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە كىرىشتىم. دەسلەپتە ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنى قايتا - قايتا ئوقۇپ يادلىدىم ھەمدە ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن ئۆمەر مۇھەممىدى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، تېيىپجان ئېلىيوفلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ، شېئىرىيەت توغرىسىدا چۈشەنچەمنى ئايدىڭلاشتۇردۇم. كېيىنرەك رۇس شائىرى پۇشكىن، لېرمونتوف ۋە نېكراسوفلارنىڭ شېئىرلىرى بىلەن تونۇشۇپ، نادىر شېئىرلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئۆگىنىش مەشىق قىلىشنى باشلىدىم. قەدىر ئەھۋال چىقتى دېگەن شېئىرلىرىمنى ئەينى يىللاردىكى «تارىم»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «ياش كوممۇنىست»، «شىنجاڭ دېھقانلىرى»، «نېفىتچىلار گېزىتى»، «ئىلى گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللارغا ئەۋەتتىم. شېئىرلىرىمنىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنىشى شېئىرىيەتكە بولغان قىزىقىشىمنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئاتاقلىق ئوبزورچى روزى قاسىم «ياش كوممۇنىست» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «ۋەتەن ئوغلىمەن» دېگەن شېئىرىمنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ماڭا ئىلھام بەردى. مەكتەپتىكى چاغلىرىمدا شېئىرلىرىمنى «ئا. ئۆمەر» دېگەن نام بىلەن ئېلان قىلاتتىم. بەزى ساۋاقداشلىرىم ھازىرمۇ مېنى «ئا. ئۆمەر» دەپ ئاتىشىدۇ. 1959 - يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنى تاماملاپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا تەقسىم قىلىندىم. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئۇيغۇر ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ پىكىر بېرىش، تەھرىرلەش جەريانى ئىجادىيەتتە ئىلگىرىلىشىمگە تۈرتكە بولدى.

دەسلەپتە يازغان شېئىرلىرىم كالپىندارچىلىق، شوئارۋازلىق ۋە قېلىپپازلىقتىن خالىي بولالمىدى. بۇنىڭغا «تارىم» ژۇرنىلىغا بېسىلغان «ئۆچمەس قۇياش» ناملىق داستانىم ۋە «سەكرىدىم» دېگەن شېئىرىم تىپىك مىسال بولالايدۇ.

1981 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «ئۇمىد چېچەكلىرى» ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمىم نەشر قىلىندى. بۇ توپلامغا «ئورمانچى بوۋاي» دېگەن داستان بىلەن «يايلاق گۈلى» ناملىق باللادادىن باشقا 53 پارچە شېئىرىم كىرگۈزۈلدى. بۇ توپلام ئىچىدىكى «ئىلى يوللىرىدا» دېگەن شېئىرىم خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، «تيانشان»(«天山») ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. «يايلاق گۈلى» دېگەن باللادا خەنزۇچە «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى.

توپلامدىكى «باھار ناخشىسى»، «بۆرە بىلەن ئۆكۈزلەر» (مەسەل) «يۇلتۇز بىلەن سۆھبەت»، «شارقىراتما» قاتارلىق شېئىرلار مەزمۇنىنىڭ بىر قەدەر چوڭقۇرلۇقى ۋە بەدىئىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلغان بولسىمۇ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى شېئىرلار مەزمۇن جەھەتتىكى تەكرارلىق، قېلىپپازلىق ۋە كالپىندارلىق خاھىشىدىن خالىي بولالمىدى.

1985 - يىلى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «دەريا ۋە بۇلاق» ناملىق ھېكايە - شېئىرلار توپلىمىم نەشر قىلىندى. بۇ توپلامغا ئون سەككىز قىسقا ھېكايە بىلەن 52 پارچە شېئىر ۋە «ئايخان ئانا» دېگەن داستانىم كىرگۈزۈلدى.

توپلامغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلار ئىچىدە تەسەۋۋۇرغا باي، ئوبرازلىق شېئىرلار تۇنجى توپلىمىمدىكى شېئىرلارغا قارىغاندا بىر قەدەر كۆپ بولسىمۇ لېكىن ئادەتتىكى شېئىرلار يەنىلا ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيتتى.

خۇددى ئاتاقلىق خەنزۇ شائىرى كې يەن «نادىر شېئىر يېزىش ئانچە تەس ئەمەس، مەڭگۈ نادىر شېئىرلارنى يېزىش تەس، شېئىر يازالايدىغان كىشى بولۇش ئانچە تەس ئەمەس، خەلق ئېتىراپ قىلغان ھەقىقىي شائىر بولۇش تەس» دېگەندەك خەلق ئېتىراپ قىلىدىغان شائىر بولۇش مەن ئۈچۈن تېخى يىراق مەنزىل ئىدى. لېكىن مەن بەل قويۇۋەتمەي داۋاملىق يازدىم. «دەريا ۋە بۇلاق» توپلىمىمدىكى «ياشايسەن تاغ بولۇپ»، «دەريا ۋە بۇلاق» دېگەن شېئىرلىرىم ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ئەسەر با-

www.uyghurkitap.com



ھالاش پائالىيەتلىرىدە مۇكاپاتلاندى، بۇ شەرەپ مېنى تىرىشىپ تېخىمۇ ياخشى شېئىرلارنى يېزىشقا رىغبەتلەندۈردى. 1988 ـ يىلى ئاتاقلىق شائىر قۇربان بارات بىلەن ئىككىمىزنىڭ خەنزۇچە بىرلەشمە توپلىمىمىز شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ توپلامغا مېنىڭ «ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى» دېگەن سەرلەۋھە بىلەن 24 پارچە شېئىرىم كىرگۈزۈلدى. بۇ شېئىرلارنى ئاتاقلىق تەرجىمان جاۋ گودۇڭ تەرجىمە قىلغانىدى. خەنزۇچە توپلامنىڭ نەشر قىلىنىشى ماڭا غايەت زور ئىلھام بولدى.

1993 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «كۆڭۈل سۆيگۈسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىم نەشر قىلىندى. بۇ توپلامغا 77 پارچە شېئىر كىرگۈزۈلگەن. شېئىرلار مەزمۇنىنىڭ بىر قەدەر چوڭقۇرلۇقى، تېما دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، بەدىئىي سەۋىيەسىنىڭ بۇرۇنقى شېئىرلاردىن خېلى يۇقىرىلىقى بىلەن ئو-





قۇرمەنلەرنى جەلپ قىلغان بولسىمۇ لېكىن «شېئىر ھېسسىياتىنىڭ فونتان بولۇپ ئېتىلىپ چىقىشى، شائىر يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان قېنىق، جۇشقۇن ھېسسىياتنىڭ ئىدىيە قېلىپىدا ئۇيۇغان، ئەقىل ـ پاراسەت نۇرى چاقناپ تۇرغان جەۋھىرى» (شېي ۋېنلى) دېگەن ئۆلچەمدىن خېلىلا يىراق ئىدى.

بۇ توپلام ھەققىدە ئوبزور يېزىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولغان بولسىمۇ ياخشى شېئىرلار يەنىلا ئاز بولۇپ بەدىئىي قىممىتى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس ئىدى.

2013 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى» نىڭ مەبلىغى ئارقىلىق «ئەسىر خىياللىرى» ناملىق بىر قەدەر تاللانغان، تولۇقراق توپلىمىم (203 ـ بەت) نەشر قىلىندى. بۇ توپلامغا 108 پارچە شېئىر ۋە قايتىدىن ئىشلەنگەن «ئايخان» دېگەن داستانىم كىرگۈزۈلدى. بۇ داستاندا ئايخان ئانىنىڭ ئۆزىنىڭ مال ـ دۇنياسىنى يېتىملار مەكتىپى ئېچىشقا سەرپ قىلىشتەك ئېسىل پەزىلىتى تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇن ھالدا ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«ئەسىر خىياللىرى» توپلىمىمنى مېنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىمگە ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ قارايمەن. 21 ـ ئەسىردە شېئىرىيەتتە ھەرخىل ئېقىملار مەيدانغا كېلىپ، مەزمۇن ۋە ئىپادىلەش جەھەتتە بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىيات بارلىققا كېلىۋاتىدۇ. شېئىرىيەتنىڭ يېڭى دەۋرگە سىلىشتۇرغاندا شېئىرلىرىم يەنىلا كونا قېلىپتىن چىقىپ كېتەلمىدى. بۇ رېئاللىق، لېكىن نەتىجىلىرىمۇ يوق ئەمەس. ئاتاقلىق تەرجىمان جاۋ گودۇڭ تەرجىمە قىلغان «قىزىل بايراق» ناملىق شېئىرىم 2013 ـ يىلى بېيجىڭدا نەشر قىلىنغان «جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ناخشىسى» دېگەن توپلامغا تاللىنىپ، مەملىكەت بويىچە تارقىتىلدى. يەنە شۇ شېئىر بېيجىڭدا نەشر قىلىنغان «يېڭى دەۋر ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى شېئىرلار ئوقۇشلۇقى» دېگەن خەنزۇچە توپلامغا كىرگۈزۈلدى. 2007 ـ يىلى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە «جازۇۋشى» («يازغۇچى») نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «شېئىرىيەت گۈلزارى» دېگەن تاللانغان شېئىرلار توپلىمىغا توققۇز پارچە شېئىرىم كىرگۈزۈلدى.

60 يىل شېئىرىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا شېئىرىيەتنىڭ ئەگرى ـ توقاي، مۇرەككەپ يوللىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئۆگىنىش، ئىزدىنىش ئارقىلىق پەيدىنپەي ئىلگىرىلىدىم. گەرچە

يۇقىرى پەللىگە ياندىشالمىساممۇ بەلگىلىك نەتىجە ياراتتىم. زادىلا يېزىشنى توختاتمىدىم. گەرچە ياشىنىپ قالغان بولساممۇ ھازىرمۇ يېزىۋاتىمەن.

ئەدەبىي ئىجادىيىتىمنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ھېكايە ئىجادىيىتىگە كەلسەم، مەن رېئال تۇرمۇشتىكى بەزى ۋەقە - ھادىسىلەرنى ھېكايە ئارقىلىق ئىپادىلەش شېئىر ئارقىلىق ئىپادىلەشكە قارىغاندا ئەركىنرەك بولىدىغانلىقى، ئۇنۇممۇ ياخشىراق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، 70 - يىللاردىن كېيىن قىسقا ھېكايىلەرنى يېزىشقا باشلىدىم. دەسلەپتە «تارىم» ژۇرنىلىدا «بازار نەرخى»، «ساتىراشنىڭ ھۈنىرى» دېگەن ئىككى ھېكايەم ئېلان قىلىندى. كېيىن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى ھەمدە بۇ ھېكايە ھەققىدە 1985 - يىلى «شىنجاڭ كۇتۇپخانىچىلىقى» ژۇرنىلىنىڭ 4 - سانىدا ئابدۇقادىر زېمىنىنىڭ «قىسقا ھەم ياخشى يېزىلغان ئىككى پارچە ھېكايە» دېگەن ئوبزورى بېسىلدى. «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدىمۇ «ئالما» دېگەن ھېكايەم ھەققىدە بىر نەچچە ئوبزور ئېلان قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن «ھېكايە يازسام بولىدىكەن» دېگەن ئىشەنچكە كېلىپ ئارقا - ئارقىدىن بىر مۇنچە ھېكايىلەرنى يازدىم.





1985 - يىلى ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «دەريا ۋە بۇلاق» دېگەن توپلىمىمغا 18 پارچە قىسقا ھېكايىلىرىم تاللاپ كىرگۈزۈلگەن.

1996 - يىلى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن بالىلار ئەدەبىياتىغا ئائىت «ئالما» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىم نەشر قىلىندى. بۇ توپلامغا بالىلارنى تىرىشىپ بىلىم ئىگىلەشكە، ئەدەپ - ئەخلاقلىق بولۇشقا ئۈندەيدىغان 13 پارچە ھېكايە كىرگۈزۈلۈپ، ئۆسمۈرلەرنى تەربىيەلەشتە بىر قەدەر ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

1998 - يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «بازار نەرخى» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىم نەشر قىلىندى. بۇ توپلامغا 22 پارچە ھېكايەم كىرگۈزۈلدى. بۇ ھېكايىلەر ئىچىدىكى «چۈشىنىڭ تەبىرى»، «ھاراق باھالاش»، «مايمۇن ئويۇنى»، «ۋاپاسىز ئوغۇل» قاتارلىق ھېكايىلەر ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى. «ۋاپاسىز ئوغۇل» دېگەن ھېكايەم ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلدى.

ھېكايە ئىجادىيىتىدە رۇس يازغۇچىسى تورگىنىفنىڭ «مەن خىيالىمغا كەلگىنىچە ئىجاد قىلىدىغان ئىشنى ئەزەلدىن قىلىپ باققىنىم يوق، ھېكايەمدە بىرەر پېرسوناژلار تەسۋىرلىمەكچى بولسام، بىر نەچچە راست ئادەمنى تاللاپ ئۆزۈمنىڭ ئاساسى قىلىمەن» دېگەن سۆزىنى دائىم ئەستە ساقلاپ، شۇ بويىچە يېزىشقا تىرىشىپ كەلدىم.

2011 - يىلى شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن «قېرىنداشلىق مېھرى» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىم نەشر قىلىندى. بۇ توپلامغا 34 پارچە ھېكايەم كىرگۈزۈلدى. بۇ ھېكايىلەردە رېئال تۇرمۇشىمىزدىكى ھەر خىل زىددىيەتلەر چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، رەزىللىك، ساختىلىق ۋە ۋاپاسىزلىق پاش قىلىنىپ، ياخشىلىق، چىنلىق، ۋاپادارلىق ئىدىيەلىرى مەدھىيەلەنگەن. بۇ ھېكايىلەر توپلىمى «شەرق شامىلى» قۇرۇلۇشىغا تاللىنىپ، جەمئىي 16 مىڭ تىراژ بىلەن كەڭ تارقىتىلدى، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. بۇ ھېكايىلەر توپلىمى ھەققىدە «شىنجاڭ گېزىتى»دە «ئاز ھەم ساز يېزىلغان ھېكايىلەر» دېگەن ئوبزور بېسىلدى.

1989 - يىلى ئالماتادىكى «جازۇۋشى» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «تارىم دولقۇنلىرى» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىغا «بازار نەرخى»، «ساتىراشنىڭ ھۈنىرى» دېگەن

ئىككى ھېكايەم كىرگۈزۈلدى. بۇ مەن ئۈچۈن غايەت زور ئىلھام ۋە تۈرتكە بولدى.

گەرچە ھېكايە ئىجادىيىتىدە ئاز-تولا نەتىجە قازانغان بولساممۇ، مەملىكىتىمىزدىكى، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاتاقلىق يازغۇچىلارنىڭ نادىر ھېكايىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ھەر جەھەتتىن خېلىلا ئارقىدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بۇنىڭدىن كېيىن سالامەتلىكىم يار بەرسە ھېكايە ئىجادىيىتىدە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىشقا تىرىشىمەن.

80 - يىللاردىن كېيىن بىر قىسىم ماقالە ۋە ئوبزورلارنى يېزىشقا باشلىدىم. دەسلەپتە نەشرىياتچىلىق ۋە تەھرىرلىك ھەققىدە بەزى ھېس قىلغان مەسىلىلەرنى ۋە تەسراتلىرىمنى يازدىم. كېيىنچە ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدە توختىلىپ، ئىجادىي ئەسەرلەردە ساقلىنىۋاتقان نۇقسانلارنى كونكرېت مىساللار ئارقىلىق كۆرسىتىپ، ئاپتورلارنى ئەسەر يازغاندا ئەستايىدىل بولۇشقا دەۋەت قىلدىم. بۇ ھەقتىكى ماقالىلىرىم ئاپتور ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە مۇيەسسەر بولدى. كېيىنچە كىتابلار ھەققىدە ئوبزور يازدىم. مەن ئوبزورچى ئەمەس. لېكىن، يېڭىدىن نەشر قىلىنغان ئەسەرلەرنى ئوقۇپ، ئاشۇ ئەسەرلەر ھەققىدە ئاز - تولا پىكىر قىلىشنى، تەسرات ماقالىلىرى يېزىشنى لايىق كۆردۈم. چۈنكى نەشر قىلىنىۋاتقان ئەسەرلەر كۆپ، يېزىلىۋاتقان ئوبزورلار ئىنتايىن ئاز بولۇپ، نۇرغۇن ئەسەرلەر ئىنكاسسىز قېلىپ، ئاپتورلارنىڭ قىزغىنلىقىغا تەسىر يېتىۋاتاتتى. ئوبزورچىلىرىمىز ئىنتايىن ئاز، ئوبزور يېزىشقا يېتىشەلمەيتتى. مۇشۇنداق بۇرۇقتۇملۇق ھالەتتە ئاتاقلىق يازغۇچىمىز مىرزاھىد كېرىمى «مېنى نېمىشقا تەنقىد قىلمايسىلەر؟» دەپ ماقالە يېزىشقا مەجبۇر قىلىنغانىدى. مۇشۇنداق شارائىتتا مەن بىر مۇنچە ئەسەرلەر ئۈستىدە ئوبزورلارنى يازدىم. مەقسىتىم ئاپتورلارغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى قوزغاش ئىدى.

1998 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «قۇربانلارنىڭ يۈرەك ساداسى» ناملىق ماقالىلەر توپلىمىم نەشر قىلىندى. بۇ توپلامغا 24 پارچە ماقالەم كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ ماقالىلەردە ئەدەبىي ئەسەرلەر ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە، ئاپتور ۋە ئەسەرگە توغرا، ئىلمىي باھا بېرىش، ئىجادىيەتتىكى مۇستەقىللىق ۋە خاسلىق، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق)، زۇنۇن قادىرى، زوردۇن سابىر، ئابدۇراخمان قاھار ئەسەرلىرى ۋە ۋاپات بولغان بەزى شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە تەھلىل يۈرگۈزۈلگەن.

ئەڭ دەسلەپتە يازغان «ئىلى دولقۇنلىرى» رومانى ھەققىدىكى «ياخشى باشلىنىش»، ۋاپات بولغان شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى ھەققىدىكى «قۇربانلارنىڭ يۈرەك ساداسى» قاتارلىق ئوبزورلىرىم ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ، ياخشى ئىنكاس پەيدا قىلدى. بۇ مېنىڭ داۋاملىق ئوبزور ماقالىلەرنى يېزىشىمغا تۈرتكە بولدى.

1999 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن ئىسمايىل تۆمۈر بىلەن بىللە يازغان «‹قۇتادغۇبىلىك›تىكى رۇبائىيلار» ناملىق تەتقىقات خاراكتېرلىك كىتابىم نەشر قىلىندى. بۇ كىتابتا رۇبائىيلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى، ئۆمەر ھەييام بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىب ياشىغان دەۋر، «قۇتادغۇبىلىك» تىكى رۇبائىيلارنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزۈلگەن بولۇپ، تەتقىقاتچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى، بۇ كىتابنى يازغان ماقالىلىرىم ئىچىدە ئىلمىي قىممىتى بىر قەدەر يۇقىرى كىتاب دېيىشكە بولىدۇ.

2009 - يىلى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «ئەدىب ۋە پەزىلەت» ناملىق ئوبزور-ماقالىلەر توپلىمىم نەشر قىلىندى. بۇ توپلامغا 23 پارچە ئوبزور - ماقالەم كىرگۈزۈلگەن. توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ماقالە - ئوبزورلار بىر قەدەر تاللانغان بولۇپ، «ئەدىب ۋە پەزىلەت »، «ئېلاخۇن كۆككۆز ۋە ئۇنىڭ قوشاقلىرى»، «پېشقەدەم ئەدىبلەرنى قەدىرلەيلى»، «ھەققانىيەت تۇيغۇسى توغرىسىدا»، «سەممىيەت ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە» قاتارلىق ماقالىلەردىن باشقىلىرى ئاساسەن يېڭىدىن نەشر قىلىنغان رومانلار ھەققىدىكى ئوبزور - ماقالىلىرىدىن تەركىب تاپقان. بۇ توپلىمىم ھەققىدە «ئەدىبنىڭ پەزىلىتى»، «ئاپىرىن!» دېگەن ماقالىلەر يېزىلىپ، ماڭا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىلدى. گەرچە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ماقالە ۋە ئوبزورلىرىم بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغان بولسىمۇ، لېكىن مەزمۇنى مۇكەممەللىك جەھەتتە يەنىلا يېتەرسىز، بىر قەدەر ئاددىي. مەن تەجرىبە - ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن يازغان ئوبزور ۋە ماقالىلىرىمدە خاسلىق يارىتىشقا تىرىشىمەن.

«تەرجىمە يېرىم ئىجادىيەت» دېگەن گەپ بار. بۇ گەپ ئەدەبىي تەرجىمىلەرگە قارىتىلغان بولسا كېرەك. مەن 60 يىللىق ئىجادىيىتىمنى ئەسلىگەندە تەرجىمىگە سىڭدۈرگەن ئاز - تولا ئەجرىمنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم.

مەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىن، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ لۇغەت كۆرۈپ ئۆگىنىش، تەرجىمە قىلىنغان كىتابلارنى سېلىشتۇرۇپ ئۆگىنىش ۋە تەكرار مەشىق قىلىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق دەسلەپكى قەدەمدە خەنزۇچە كىتابلارنى (ئاددىي كىتابلارنى) ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان بولدۇم. دەسلەپتە ئاددىي رەسىملىك كىتابچىلارنى تەرجىمە قىلىپ باقتىم. كېيىنرەك ئاتاقلىق يازغۇچى بىڭشىننىڭ «بالىلار ھەققىدىكى نەسرلىرىدىن تاللانما» دېگەن كىتابىنى تەرجىمە قىلدىم. 70 - يىللاردا تۈركچە ئۆگىنىشكە ھەۋەس باغلاپ تۈركچە تەرجىمە قىلىنغان كىتابلارنى سېلىشتۇرۇپ ئۆگەندىم ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئىشتىن سىرتقى تۈركچە ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتنىشىپ، تۈركچىدە مەلۇم ئاساسقا ئىگە بولدۇم.

80 - يىللاردا تۈركچىدىن «پەرمان»، «تۇنجى جىنايەت»، «مۇڭگۈزلۈك قىز»، «تۈركىيە خەلق مەسەللىرى» قاتارلىق كىتابلارنى تەرجىمە قىلدىم. بۇ كىتابلارنىڭ بىر قىسمى قايتا - قايتا نەشر قىلىندى.

جۇڭگو ۋە چەت ئەلدىكى ئاتاقلىق شائىرلارنىڭ 100 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرىنى خەنزۇچە، تۈركچە ۋە ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلدىم. 1983 - يىلى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان «مۇبادا قايتىدىن تۇغۇلسام ئىدىم» دېگەن شېئىر يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئەدەبىي تەرجىمە ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاشتا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. گەرچە تەرجىمە قىلغان ئەسەرلىرىم ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ ئۆزلۈكىمدىن تىرىشىپ تەرجىمە قىلىشنى ئۆگىنىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىمنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ دەپ قارايمەن.

ئوقتىلىق بەدىئىي ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە كىتابلارنى نەشرگە تەييارلاشمۇ ئىجادىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. شۇڭا، بۇ ھەقتىكى ئەمگەكلىرىم ۋە ئىزدىنىشلىرىم ھەققىدىمۇ توختىلىپ ئۆتۈش زۆرۈر دەپ قارايمەن. 1997 - يىلى ئاتاقلىق ئۇيغۇر يازغۇچىسى يۈسۈپ ئىلياسنىڭ «ئېغىر تىنىقلار» ناملىق تارىخىي رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمىنى سىلاۋيان يېزىقىدىن كونا ئۇيغۇرچىغا ئۆرۈپ نەشرگە تەييارلىدىم. بۇ رومان نەشر قىلىنىشى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى ھەم قايتا - قايتا بېسىلدى.

2010 - يىلى «ئېغىر تىنىقلار» رومانىنىڭ ئىككىنچى قىسمىنى نەشرگە تەييارلىدىم. رومانىنىڭ ئىككىنچى قىسمىمۇ ئوخشاشلا قىزغىن ئالقىشقا مۇيەسسەر بولۇپ قايتا - قايتا نەشر قىلىندى. كىتابنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئالاھىدە ياخشى بولۇپ، نەشرىياتقا شان - شەرەپ كەلتۈردى.

1998 - يىلى «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىن تاللانما» دېگەن كىتابنى نەشرگە تەييارلىدىم. بۇ كىتابقا «فەرھاد - شېرىن»، «لەيلى - مەجنۇن»، «تاھىر - زۆھرە»، «غېرىب - سەنەم»، «سەنۇبەر»، «ھۆرلىقا - ھەمراجان»، «قەمەرشاھ ۋە شەمسەجان»، «شاھزادە نىزامىدىن ۋە مەلىكە رەنا»، «شاھ ئادىلخان»، «نۇزۇگۇم»، «سېيىت نوچى» قاتارلىق 11 داستان كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى ۋە مەملىكەت بويىچە «كىتاب مۇكاپاتى»غا مۇيەسسەر بولدى.

1991 - يىلى بارىجان زەپەر بىلەن بىللە «مەشھۇر ئەدىبلەرنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدە ئېيتقانلىرى» دېگەن كىتابنى نەشرگە تەييارلىدىم. بۇ كىتاب ئۆزىنىڭ ئىلمىي قىممىتى ۋە نەزەرىيەۋى ئاساسى بىلەن ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى ۋە ئاپتورلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى. ھازىرغىچە نۇرغۇن ئەدىبلەر بۇ كىتابتىن قوللانما سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. 2013 - يىلى قازاقىستان ئۇيغۇر يازغۇچىسى ئابلىز ھېزىمونىڭ «تېپىشماقلار»، «شېئىر، مەسەل - چۆچەكلەر»، «باللار شېئىرلىرى»، «باللار سۆز ئويۇنلىرى» قاتارلىق تۆت كىتابىنى سلاۋيان يېزىقىدىن ئۇيغۇر يېزىقىغا ئۆرۈپ نەشرگە تەييارلى-



دىم. يۇقىرىقى تۆت كىتاب باللار ئوقۇشلۇقى بولۇپ، باللارنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىپ، ئۇلارنىڭ ئايرىلماس دوستىغا ئايلىنىپ قالدى.

مەن يۇقىرىدا 60 يىللىق ئىجادىيەت مۇساپەمنى بەش مەزمۇنغا بۆلۈپ بايان قىلىپ ئۆتتۈم. ماقالەم ئىجادىيىتىمنى ئاساس قىلغاچقا مەن مەسئۇل مۇھەررىرلىكنى ئۆتىگەن 300 دىن ئارتۇق كىتاب ھەققىدە ۋە تەھرىرلىك ھاياتىم ھەققىدە ئايرىم توختالمىدىم. بۇ ھەقتە مەخسۇس توختىلىش ئويۇم بار.

رۇس يازغۇچىسى ن. ئا. روباكىن: «ياشاش — كۆرەش دېمەكتۇر. تاكى پەقەت ھاياتلىق ئۈچۈن كۆرەش قىلىش دېمەكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ‹ئىنسان› بىزنىڭ نەزىرىمىزدە كۆرەشچىدۇر. پەقەت كۆرەش قىلىۋاتقان ۋاقىتىدا ياشاۋاتقىنىنى سەزگەن، ھەتتا ئەنە شۇ كۆرەشتىن خۇشاللىق تاپىدىغان ئادەمدۇر. شۇڭا كۆرەش بار جايدا ھايات مۇشەققىتى بار. ئادەم مانا شۇ يەردە كۆرەشنىڭ زوقىنى ئالالايدۇ» دېگەنىدى.

يۇقىرىدىكى ھېكمەتلىك بايانىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدەك ئۆزۈمنى ئادىدىي بىر ‹ئىنسان› سۈپىتىدە خەلق ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن كۆرەش قىلىپ كەلدىم دەپ قارىسامىمۇ، لېكىن ياراتقان تۆھپەمنى بەكمۇ ئاز دەپ قاراپ، بەھۇدە ئۆتكۈزگەن ۋاقىتلىرىمغا ئۆكۈنىمەن.

يېشىم 75 تىن ئاشتى، دەم ئېلىشقا چىققىنىمغا 15 يىل بولدى. ئىجادىيەت قوشۇنىغا قوشۇلغىنىمغا 60 يىل بوپتۇ. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىجادىيەت ھاياتىمنى بىر قۇر خۇلاسىلەپ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەشنى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرۈمنى قانداق ئۆتكۈزۈش ھەققىدە ئويلىنىشنى قەلەمگە پۈكۈپ قەلەم تەۋرەتتىم.

مېنىڭ 60 يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىم ياش دوستلارغا ئاز - تولا نەپ بېرەلىسە ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلغان بولاتتىم.

2016 - يىل ئىيۇن، ئىيۇل

مۇھەررىر: ئالىم كېرىم كۆكتالىپ
ئېلخەت: alimkerim@sina.com

# ئادەمنىڭ ئەزالىرى قانداق كۆچۈرۈلىدۇ

◉ ئالىمجان قادىر شىپائىي

ئىنتېرنېت ـ تور ئالاقىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىزگە نۇرغۇن تەرەپلەردە قولايلىق ئېلىپ كەلدى. بولۇپمۇ ئۈندىدارنىڭ ئومۇملىشىشى ھەر قانداق كىشىنى خالىغان ۋاقىتتا ئۆز پىكرىنى بايان قىلالايدىغان ۋە ئۇچۇر تارقىتالايدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلدى. گەرچە كۆپىنچە كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئەجايىپ پايدىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق ئاز ساندىكى كىشىلەر مەقسەتلىك ياكى غەرەزسىز ھالدا ساختا، يالغان، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان، كۆپتۈرۈلگەن ئۇچۇرلارنى تارقىتىپ، باشقىلارغا زىيان سالماقتا، جەمئىيەتتە ۋەھىمە پەيدا قىلماقتا. ئادەمنىڭ ئىچكى ئەزالىرى ئوغرىلىنىش ھەققىدىكى ئۇچۇرلار بۇنىڭ تىپىك مىسالى.

يېقىندىن بېرى ئۈندىداردا ئوغرىلىنىپ، ئىچكى ئەزاسى ئېلىۋېلىنغان باللار ھەققىدىكى ئۇچۇرلار ئارقا ـ ئارقا تارقىلىپ جەمئىيەتتە زور غۇلغۇلا ۋە ئەنسىزلىك پەيدا قىلدى. ئەمەلىيەتتە ئازراق تىببىي ساۋاتى بار كىشىلەر بۇنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان، يالغان خەۋەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايدۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ ئەزاسىنى كۆچۈرۈش دېگەن بىر ئەر دوختۇرنى ئۆيىگە چاقىرىپلا كىچىك بالىنىڭ خەتنىسىنى قىلغاندەكلا قىلىۋېتىدىغان ۋە ياكى دەرەخ كۆچۈرگەندەك ئاددىي جەريان ئەمەس. ئۇ قاتتىق قانۇنى تەرتىپ بويىچە مەلۇم سالاھىيەت ۋە شارائىتقا ئىگە مەخسۇس ئورۇندا، مۇنتىزىم تەربىيەلەنگەن ئوخشىمىغان كەسپتىكى نەچچىلىگەن تىببىي خادىملارنىڭ ھەمكارلىقىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان، ئوپېراتسىيەنىڭ ئالدى ـ كەينىدە نۇرغۇن تەييارلىق ۋە پەرۋىش خىزمىتى ئىشلىنىدىغان ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە مۇرەككەپ جەريان.

ئەزا كۆچۈرۈش دېگىنىمىز ھەر خىل سەۋەبتىن مەلۇم بىر ئەزاسىنىڭ ئىقتىدارىنى يوقاتقان بىمارغا ئوپېراتسىيە ئارقىلىق باشقا بىر ئادەمنىڭ ماس كېلىدىغان، ساغلام بولغان شۇ خىل ئەزاسىنى كۆچۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. ھازىر كۆپرەك كۆچۈرۈلگىنى بۆرەك، كۆز مۈگۈز پەردىسى، جىگەر قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا ئاشقازان ئاستى بېزى، يۈرەك، ئۆپكە، ئۈچەي... قاتارلىقلارمۇ كۆچۈرۈلىدۇ.

**ئەزا كۆچۈرۈش تۆۋەندىكى بىر نەچچە باسقۇچ بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ:**

**1. قانۇنىي تەرتىپكە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.** ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەزا كۆچۈرۈش ھەققىدىكى قانۇنلىرى ئوخشىمايدۇ. دۆلىتىمىزدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۈەن 2007 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئېلان قىلغان ۋە شۇ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويغان «ئادەم ئەزالىرىنى كۆچۈرۈش نىزامى» قانۇنى ئاساس ۋە ئۆلچەمدۇر. نىزامدا ئېنىق قىلىپ: «ھەر قانداق ئادەم ياكى شەخسنىڭ ئادەم ئەزالىرىنى ئېلىپ ـ سېتىش چەكلىنىدۇ. ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئەزالىرى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھەقسىز ئىئانە قىلىش شەرتىدە باشقىلارغا كۆچۈرۈلىدۇ. تىرىك ئادەمنىڭ ئەزالىرى پەقەت ئىئانە قىلغۇچىنىڭ جۆرىسى ۋە قانداشلىقى بولغان ئۈچ ئەۋلاد ئىچىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغىلا كۆچۈرۈلىدۇ. ئۇرۇق ـ تۇغقان بولمىغانلار باشقىلارنى قۇتقۇزۇش، ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئۆز ئەزاسىنى تەقدىم قىلماقچى بولسا چوقۇم ئالاھىدە تەرتىپ ۋە جامائەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ئىسپات بولۇشى كېرەك. 18 ياشقا توشمىغان تىرىك ئادەمنىڭ ئەزاسىنى ئېلىش چەكلىنىدۇ»، دەپ بەلگىلەنگەن.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىر ئادەمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئەزالىرىنى باشقىلارغا بېرىش ـ بەرمەسلىكى پۈتۈنلەي ئۆز ئىختىيارىدا ھەم ھەقسىز بولىدۇ. تىرىك ئادەمنىڭ ئەزالىرى پەقەت ئالاھىدە ئەھۋالدىلا تۇغقانلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. ھەر قانداق ئەھۋالدا 18 ياشقا توشمىغان ئادەمنىڭ ئەزاسىنى باشقىلارغا كۆچۈرۈش چەكلىنىدۇ.

**2. مەشغۇلات قىلغۇچى تىببىي ئورگان ۋە تىببىي خادىملار مۇئەييەن شارائىت ھازىرلىشى كېرەك.** نىزامدا ئەزا كۆچۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تىببىي ئورگانلاردا ئەزا كۆچۈرۈش سالاھىيىتىگە ئىگە تىببىي خادىملار ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ناركوز، پەرۋىش قاتارلىق كەسپتىكى تىببىي خادىملار بولۇشى، ئەزا كۆچۈرۈشكە كېرەكلىك ئۈسكۈنە ـ سايمانلار تولۇق بولۇشى، تىببىي، قانۇن ۋە تىببىي ئەخلاق قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ساھەلەردىن تەركىب تاپقان ئادەم ئەزالىرىنى كۆچۈرۈش تېخنىكىسىنى كلىنىكىدا قوللىنىش ۋە نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسى بولۇشى، مۇكەممەل ھالەتتىكى ئادەم





ئەزالىرىنى كۆچۈرۈش سۈپىتىنى كونترول قىلىش ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمى بولۇشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن.

ئەزا كۆچۈرۈشنىڭ قانۇنى تەرتىپى ۋە تەلىپى ئالاھىدە بولغاچقا تېببىي ئورگانلارنىڭ سالاھىيىتى قاتتىق تەكشۈرۈش ۋە باھالاش ئارقىلىق بېكىتىلىدۇ. نۆۋەتتە رايونىمىزدا بۇخىل سالاھىيەتكە ئىگە ئورگانلاردىن شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى 1 ـ دوختۇرخانىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى، شىنجاڭ ھەربى رايون باش دوختۇرخانىسى، ھاۋا ئارمىيە دوختۇرخانىسى قاتارلىق بىر نەچچىلا دوختۇرخانا بار. ھازىرچە بۇ شارائىتنى ھازىرلىغان شەخسى دوختۇرخانىلار يوق.

**3. تېخنىكىلىق تەلەپلىرى ئۆلچەمگە يەتكەن بولۇشى كېرەك.**

ئەزا كۆچۈرۈش ــ تېخنىكىلىق تەلىپى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان، نۇرغۇن زور تەييارلىق خىزمەتلىرىدىن كېيىن ئوخشاش بولمىغان كەسىپتىكى تېببىي خادىملارنىڭ ھەمكارلىقىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىنچىكە، مۇرەككەپ جەريان. تۆۋەندە مىسال ئۈچۈن بۆرەك كۆچۈرۈشنىڭ جەريانىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز:

بۆرەك كۆچۈرۈش ــ ئەڭ بۇرۇن ئېلىپ بېرىلغان، سانى ئەڭ كۆپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان ئوپېراتسىيەنىڭ بىرى. تۇنجى بۆرەك كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسى ئوكرائىنالىق ۋارونوي دوختۇر تەرىپىدىن ئىشلەنگەن. دۆلىتىمىزدە تۇنجى بۆرەك كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسى 1972 ـ يىلى جۇڭشەن تېببىي ئىنستىتۇتىدا ئىشلەنگەن. ھازىرغىچە 11 مىڭدىن ئارتۇق بىمارغا بۆرەك كۆچۈرولگەن. (2015 ـ يىللىق ئىستاتىستىكا). ئوپېراتسىيە مۇنداق تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ: 1) ئەزا تەمىنلىگۈچى ۋە قوبۇل قىلغۇچىنىڭ قانۇنى سالاھىيىتى ۋە كونكرېت شەرت ـ شارائىتى تەكشۈرۈلۈپ، قانۇنى تەرتىپ ۋە تېببىي ئەخلاق، قائىدە ـ تەرتىپكە ئويغۇنلۇقى دەلىللەنگەندىن كېيىن كۆچۈرۈش خىزمىتى باشلىنىدۇ. 2) ئەزا تەمىنلىگۈچى ۋە قوبۇل قىلغۇچىنىڭ قان تىپى ۋە باشقا ئىممۇنىتېتلىق ماس كېلىش دەرىجىسى تەكشۈرۈلىدۇ. ماس كەلگەندىلا كۆچۈرۈشكە بولىدۇ، بولمىسا ئوپېراتسىيەدىن كېيىن يەكلەش يۈز بېرىپ، ئوپېراتسىيە مەغلۇپ بولىدۇ. بۇ جەريان ئۈچۈن ئادەتتە ئون كۈن ئەتراپىدا ۋاقىت كېتىدۇ. 3) ئوپېراتسىيەدىن بۇرۇن ناركوز، يۈرەك كېسەللىكى، نەپەس كېسەللىكى قاتارلىق كەسىپ مۇتەخەسسىسلىرى ئەزا تەمىنلىگۈچى ۋە قوبۇل قىلغۇچىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىغا قارىتا باھالاش ئېلىپ بېرىپ، ئوپېراتسىيەگە لايىق ياكى ئەمەسلىكىنى بېكىتىدۇ. 4) ئەگەر ئۆلگەن ئادەمنىڭ بۆرىكى كۆچۈرۈلسە، ئەزا تەمىنلىگۈچى جان ئۈزگەندىن كېيىن تېزلىكتە بۆرەك تەلەپ بويىچە ئېلىنىپ، ئىچىدىكى قان قاتارلىقلار تازىلانغاندىن كېيىن، بەلگىلەنگەن تېمپېراتۇرىدا ساقلىنىدۇ ۋە چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە (سەككىز سائەت ئىچىدە ئەڭ ياخشى، ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ 48 سائەتتىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ) قوبۇل قىلغۇچىغا كۆچۈرۈلىدۇ. ئەگەر تىرىك ئادەمنىڭ بۆرىكى كۆچۈرۈلسە ئىككى ئوپېراتسىيە بىر ئورۇندا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۆرەك ئېلىنغاندىن كېيىن، تەلەپ بويىچە تازىلىنىپ، قوبۇل قىلغۇچىغا كۆچۈرۈلىدۇ. 5) ئوپېراتسىيە جەريانىدا ۋە ئوپېراتسىيەدىن كېيىن يەكلەشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىممۇنىتېتنى تىزگىنلىگۈچى دورىلار ئىشلىتىلىپ، يېپىق ھالەتتە مەخسۇس كۆزىتىلىدۇ...

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەزا كۆچۈرۈش بىر قاتار قاتتىق بولغان قانۇنى ۋە تېخنىكىلىق شارائىتنى ھازىرلىغاندىلا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىر قىسىم قانۇنسىز ئۇنسۇرلار ناتوغرا يوللار بىلەن ئەزا مەنبەسىگە ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ، تېخنىكىلىك تەلەپنى ئورۇنلاشقا ئامالسىز. يەنە كېلىپ كىچىك بالىلارنىڭ ئەزاسى تولۇق يېتىلمىگەن، قان تومۇرلىرى ئىنچىكە بولغاچقا كۆچۈرۈشكە ئەپسىز، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى تۆۋەن. ئۇنىڭدىن باشقا دۆلىتىمىزنىڭ ئاۋىياتسىيەسىدە ئادەم ئەزالىرى ۋە قان ئەۋرىشكىلىرىنى توشۇشقا يول قويۇلمايدۇ. شۇڭا يوقاپ كەتكەن ياكى ھەر خىل ھادىسىدە قازا قىلغانلارنى كۆرسىلا ئىچكى ئەزاسىنى ئېلىۋاپتۇ، دەپ ئېغۋا تارقىتىشنىڭ قىلچە ئىلمىي ئاساسى يوق.

2016 ـ يىلى، ئىيۇل ئۈرۈمچى

(ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرستېتى 1 ـ دوختۇرخانا كادىرلار بالنىستى ئىچكى 1 ـ بۆلۈمدە)

مۇھەررىر: نۇرگۈل روزى
ئېلخەت: 1448746602@qq.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# بوۋامنى ئەسلەيمەن



(ئەدەبىي خاتىرە)

◉ ئەزىزى

بوۋامنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە ئۇزاق بولدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ روھى داۋاملىق خىيالىمدىن كەتمەيدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنتۇلىدىغان نەرسىلەرمۇ بولىدىكەن، ئۇنتۇلمايدىغان نەرسىلەرمۇ بولىدىكەن. شۇ يېشىمغىچە نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقاندىمەن، ھەر خىل چىرايلار بىلەن يۈزلەشكەندىمەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قايتا ئەسلەشكە ئەرزىمەيدىغانلىرىمۇ، مەڭگۈ ئۇنتۇپ كەتكىلى بولمايدىغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس. بوۋام مېنىڭ نەزىرىمدە مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتىشكە بولمايدىغان ھەم مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغان كىشىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ مەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇچراتقان چاغدىكى تالدەك ئېگىلگەن تۇرقى، قارىداپ كەتكەن چىرايى، قورۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ قانداقتۇر يوچۇقلاردىن چۈشكەن ئاجىز قۇياش نۇرىغا ئوخشاش چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرى ئارىدىن ئۇزۇن يىللارنىڭ ئۆتكەن بولۇشىغا قارىماي ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدا ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

مەن تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدىكى قۇملۇق بىلەن بوستانلىق گىرەلىشىپ كەتكەن خىلۋەت بىر جايدا ئاپىرىدە بولغان ئىكەنمەن. بۇ ئۆزگىچە بەلباغدىكى ياۋاش، مۇلايىم، ساددا، مۇشەققەتتىن يانمايدىغان، مۇستەھكەم ئېتىقاد، ئىرادە ۋە ئۈمىد بىلەن ياشاپ ئادەتلىنىپ كەتكەن كىشىلەر تەبىئەت بىلەن مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ ياشايتتى. تەكلىماكاننىڭ شىددەتلىك قۇم - بورانلىرى توختىماستىن بوستانلىققا يوپۇرۇلۇپ كېلەتتى، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان بوستانلىقلارنى جېنىنىڭ بارىچە قوغداشقا تىرىشاتتى. شۇڭا ئۇلار ئۆمۈر بويى توپا ئارىسىدا ياشايتتى. ئورنىدىن تۇرغىدەك ماغدۇرى بولسىلا توپىغا تەر تۆكۈپ، توپا ئۈستىدە يېتىپ - قوپۇشقا ئادەتلەنگەن بۇ كىشىلەرنىڭ ئاخىرەتلىك مەنزىلىمۇ قۇمساڭغۇ توپىنىڭ ئاستى بولاتتى.

بوۋاي، مومايلارنىڭ ھەسرەتلىنىپ ھېكايە قىلىشىچە، بۇرۇنقى زاماندىكى ئەجدادلىرىمىزمۇ تەكلىماكاننىڭ رەھىمسىز قىستاقلىرىغا كۆپ ئۇچرىغانىكەن. ئۇلار تەبىئەتنىڭ زورىغا ئامالسىزلىق بىلەن بويسۇنۇپ، قەدەممۇقەدەم چېكىنىپ، ھازىرقى بىز ياشاۋاتقان ئورۇنغا ماكانلاشقانىكەن. بۇ كۆچۈشلەر جەريانىدىكى ئاچچىق كەچۈرمىشلەرنى بىلىدىغانلار ھازىر قالمىغان بولسىمۇ يەنە بىر قېتىملىق كۆچۈشكە مەجبۇر بولۇپ قېلىشتىن ئىبارەت ۋەھىمە يەنىلا كىشىلەرنى ساراسىمىگە سېلىپ تۇراتتى.

ئۈزۈكسىز ھالدا قۇم بىلەن تىركىشىپ ياشاش جەريانىدا، ئۇلار ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش ھاياتلىق ئەنئەنىلىرىنى بەرپا قىلغانىدى. ئۇلار سۇنى قەدىرلەيتتى، سۇنى ئىسراپ قىلىش، سۇغا تۈكۈرۈش، سۇغا ئەخلەت تاشلاشنى گۇناھ ھېسابلايتتى. چۈنكى، ئۇلار ھاياتنىڭ سۇ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، سۇ بولغاندىلا ھاياتنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇلار دەل - دەرەخلەرنى قەدىرلەيتتى، دەل - دەرەخنى سۇندۇرغان ئادەمنىڭ قولى قۇرۇپ قالىدۇ، دېگەن قاراشنى قاتتىق تەكىتلەيتتى. دەل - دەرەخلەر ئۆزلۈكىدىن قۇرۇپ قالمىسىلا ياكى تەبىئەتنىڭ زەربىسىدىن ئۆرۈلۈپ چۈشمىسىلا ئۇنى كېسىشكە ئالدىرىمايتتى. دەل - دەرەخ تىكىش ۋە ئۇنى كۆكلىتىشنى ساۋابلىق ئىش دەپ قارايتتى. ھويلا - ئاران، ئېتىز - ئېرىق ۋە يول بويلىرىغا ھەر خىل دەل - دەرەخلەرنى تىكىپ، ئۇلارنى خۇددى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسرايتتى. ئۇلار بىر ئۆمۈر ئارزۇ قىلىپ ياشايدىغان ئاخىرەتلىك مەنزىل — جەننەتنىمۇ دەل - دەرەخكە پۈركەنگەن باراخسان باغ سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلاتتى.

ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تەرتىپلىرى ساددا، ئەمما مۇستەھكەم ئىدى. بىر - بىرى بىلەن ئىناق ئۆتۈشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قوياتتى. قولۇم - قوشنىلار بىلەن ئۈچ كۈندىن ئارتۇق سالاملاشماي يۈرۈشنى ئېغىر ئالاتتى. يەتتە كۈنگىچە ئۆيگە





مېھمان كەلمىسە ياكى تىلەمچى قەدەم باسمىسا بۇنى يامانلىقنىڭ بېشارىتى، دەپ بىلەتتى. توغرىلىق ۋە ھالاللىقنى ياشاشتىكى ئەڭ ئەقەللىي ئۆلچەم ھېسابلايتتى. يالغان سۆزلىسە ئېغىزى كۆيىدۇ، ئېتىقادى ئۆلىدۇ دەپ قارايتتى. ئۆيلەرگە قۇلۇپ سېلىنمايتتى، ئەگەر بىر ئائىلە كىشىلىرى بىر يەرگە بارماقچى بولسا پەقەت ئىشىك ئالدىنى سۇپۇرۇپ قويۇش بىلەن كۇپايىلىنەتتى. ئادەم يوق چاغدا كېلىپ قالغان تىلەمچىلەر قۇرۇق يانمىسۇن، ئۆتكەن - كەچكەنلەر ئۇسساپ قالمىسۇن، دەپ ئىشىك ئالدىدىكى تام ياكى دەرەخ ئاچماقلىرىغا ئوبدان ئوراپ بىر - ئىككى زاغرا، بىرەر چۆگۈن سۇ قويۇپ قويۇشنى ئادەت قىلغانىدى.

ئۇلارنىڭ ئەڭ زور مەنىۋى تۈۋرۈكى ئېتىقاد ئىدى. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ئېتىقادىغا قاراپ ئۆلچەيتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئادەملىكنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئۆلچىمى ئېتىقاد ھېسابلىناتتى. بىراۋنىڭ روناق تېپىشىنى ئېتىقادىنىڭ مۇستەھكەملىكىدىن، بىراۋنىڭ ئىشلىرىنىڭ يۈرۈشمەسلىكىنى ئېتىقادىنىڭ سۇسلىشىپ كەتكەنلىكىدىن دەپ بىلەتتى…

ئېسىمنى بىلسەم، بوۋام ئادەملەر ئولتۇراقلاشقان مەھەللەرنىڭ ئەڭ چېتى بولغان جاڭگالدا، تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن بوستانلىقنىڭ كېسىشكەن پاسىلىدا، خۇددى بىر - بىرىگە تاشلىنىش ئالدىدىكى ئىككى زور قوشۇنغا ھاي بېرىپ تۇرغان قۇدرەتلىك ئەلچىدەك ياشايتتى. خۇدانىڭ كەمسۆز، ئېغىر - بېسىق، قانائەتچان، ئەمما ئۆزىگە خاس ھايات مەنتىقىسىگە ئىگە بۇ مۆمىن بەندىسىنىڭ تۇرمۇشى ئۆزى ياشاۋاتقان ئەنە شۇ پاسىلنىڭ تەركىبى قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. بۇ يەردە تەبىئەتنىڭ خاسلىقى تولۇق ۋە روشەن گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. يازلىقى ئىسمىنى بىلىپ بولمايدىغان ياۋا گۈل - چېچەكلەر ئېچىلىپ، رەڭمۇرەڭ مەنزىرىلەر نامايان بولاتتى. بۈگۈنكى كۈندە نەسلىنى تاپقىلىمۇ بولمايدىغان ئۇچارلىقلار ھەر خىل ئاۋازدا سايرىشىپ ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرەتتى. قاچانلاردا ۋە كىملەرنىڭ تىكلىگەنلىكى ئېنىق بولمىغان قېرى جىگدە، ئۈجمە، ئۆرۈك ۋە تېرەكلەردە توپ - توپ قۇشلار ئۇۋا سېلىپ، تۇخۇم تۇغۇپ بالا چىقىراتتى. كۈزلۈكى بۇ يەر تېخىمۇ جانلىنىپ كېتەتتى. تۈرلۈك قۇشلار ئاسانلىقچە ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بۇ خالىي زېمىنغا كېلىپ، يازدىكى ئېشىندى كەلكۈن سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان يېيىقلاردا بەھۇزۇر ياشايتتى. تۇرنا، غاز قاتارلىق توپ - توپ پەسىل قۇشلىرى بۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ ئارام ئالغاچ كۈچ توپلاپ ئۇزۇن سەپەرگە تەييارلىق قىلىشاتتى. بىر توپلىرى ئاسمانغا كۆتۈرۈلسە، يەنە بىر توپلىرى كېلىپ يەرگە قۇناتتى. ئۇزۇن سەپەرگە قۇربى يەتمەيدىغان ياكى قانداقتۇر سەۋەبلەردىن يارىلانغانلىرى مۇشۇ يەردە تۇرۇپمۇ قالاتتى. مەن خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل ئەنە شۇ رىۋايەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان زېمىندا بوۋامغا ھەمراھ بولدۇم. تەبىئەتنىڭ نەقەدەر نازاكەتلىك، نەقەدەر ساخاۋەتلىك، نەقەدەر مەزمۇنغا باي، تۈرلۈك - تۈمەن مۆجىزىلەر بىلەن تولۇپ - تاشقان بىباھا نېسىۋە ئىكەنلىكىنى شۇ يەردە ھېس قىلغانىدىم. تەبىئەت گۆدەك قەلبىمگە شۇ يەردە چوڭقۇر ئىز سالغانىدى. تەبىئەت ھەققىدىكى ساددا چۈشەنچىلىرىم شۇ يەردىن باشلانغانىدى. بۇ يەردە ھەيۋەتلىك تاغ - دەريالار، قەدىمىي ئورمانلار بولمىسىمۇ، ئەمما تەبىئەتنىڭ ئاددىي، ئۆزىگە خاس جەزبىدارلىقى، سېھرىي كۈچى جۇش ئۇرۇپ تۇراتتى.

بوۋام ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى مېنىڭ نەزىرىمدە خۇددى تىلسىماتقا ئوخشايدىغان ئەنە شۇ پىنھان جايدا ئۆتكۈزدى. يازنىڭ ئاخىرلىرىدىكى قومۇش ئورۇش ۋە يانتاق چېپىش ۋاقتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ يەردە ئادەم ئاز بولاتتى. بوۋام كۆپ ھاللاردا يالغۇز دېگۈدەك ياشايتتى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئۇ خۇشاللىقىنىمۇ، قايغۇسىنىمۇ باشقىچە ئۇسۇلدا ئىپادىلەشكە ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى. بەزىدە تۇرۇپلا قايسىدۇر بىر قويغا، داۋاملىق يېنىدىن ئايرىلمايدىغان پىستەك ئىتقا، ھەتتا ئۆزى مىنىدىغان رايىش ئېشەككە چېچىلىپ كېتەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەن چاغلىرى ھېسابلىناتتى. خۇشال چاغلىرىدا ئۇ تامامەن باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالاتتى. ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا قۇرت - قوڭغۇزلار بىلەن مۇڭدىشىپ كېتەتتى. بوۋامنىڭ باش بارماقچىلىك كېلىدىغان سېرىق چاشقانلارغا، چۈمۈلىلەرگە ئاۋازىنى پەس قىلىپ، ئەستايىدىل گەپ قىلىۋاتقانلى-

www.uyghurkitap.com

قىنى، ئۇلارغا بىلگە تۇتۇۋالغان زاغىرىسىنى يۇمشاق ئۇۋاپ
بېرىۋاتقانلىقىنى كۆپ كۆرگەنىدىم. بوۋام ئۆزى پاراڭلىشىدىغان
چاشقانلارنىڭ ئۇۋىسىنىڭ نەدىلىكىنى ئېنىق بىلەتتى. ئۇلارنى
پات - پات يوقلاپ تۇراتتى. غەلتە يېرى بوۋامدىن قاچمايدى-
غان بۇ چاشقانلار مەن كەلسەملا ئۇۋىسىغا كىرىۋالاتتى. بۇنىڭ
سەۋەبىنى سورىسام، بوۋام: «چاشقانلار بىلەن دوستلىشىش
ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش مۇھىم.
ئۇنىڭغا سەمىمىيلىكىڭنى بىلدۈرۈشۈڭ، غەيرى نىيىتىڭنىڭ يوق-
لۇقىنى ئەمەلىيىتىڭ بىلەن ئىپادىلىشىڭ، ئۇنىڭغا ئۆزۈڭگە
ئوخشاش قىزغىن مۇئامىلە قىلىشنى بىلىشىڭ كېرەك. بۇنىڭ
ئۈچۈن سەۋرچان بولۇشۇڭغا، ئۇزۇن ۋاقىت سەرپ قىلىشىڭ-
غا توغرا كېلىدۇ. ئۇلار بىلەن بىر دوستلىشىپ كەتتىڭمۇ، سەن
ئۇلارنى ئۇنتۇپ قالمىساڭلا، ئۇلار سېنى ئۇنتۇمايدۇ. نۆۋىتى
كەلگەندە ساڭا ئۆز يېقىنلىرىنىمۇ تونۇشتۇرۇپ قويىدۇ»،
دېگەندەك جاۋابلارنى بېرەتتى. بىر قىشلىقى بوۋام بىلەن
ئوچاقنىڭ ئالدىدا ئوت ئىسسىنىپ ئولتۇرغىنىمىزدا، بىر چاش-
قاننىڭ قايسىدۇر قاراڭغۇ بۇلۇڭدىن چىقىپ بوۋامنىڭ پۇتى-
نىڭ يېنىغا كېلىپ ئوتقا قاراپ ئۇزاق ئولتۇرغانلىقى، بوۋام-
نىڭ ئۇنى ماڭا «كونا مېھمىنىم» دەپ تونۇشتۇرغانلىقى ھې-
لىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

بوۋامنىڭ نەزىرىدە يەردىن ئۈنگەن ھەر بىر ئۆسۈملۈك-
نىڭ، كۆكتە ئۇچقان ھەر بىر ئۇچارلىقنىڭ ئۆزىگە خاس رىۋاي-
تى بار ئىدى. بوۋام بۇ رىۋايەتلەرنى خۇددى شۇ رىۋايەتتىكى
ۋەقەلەرگە ئۆزى بىۋاستە قاتناشقاندەك ھاياجان بىلەن سۆز-
لەيتتى. مەسىلەن، بوۋامنىڭ ئېيتىشىچە، قومۇش ئەسلىدە ئىنتا-
يىن ئاز ئۇچرايدىغان ئەتىۋارلىق ئۆسۈملۈك ئىكەن. كىشىلەر
ئۇنى بەك قەدىرلەيدىكەن. ئەمما ئۇ بوي سوزۇپ، ئەتراپىدى-
كىلەرنى كۆزگە ئىلمىغانلىقى، كىشىلەرنىڭ ئەتىۋارلىشىدىن خۇ-
دىنى يوقىتىپ، ھاكاۋۇرلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلۇغلارنىڭ
نەزىرىدىن قېلىپ جاڭگالغا تاشلانغان، ھەممىلا يەردە ئۇنۇپ
خارلانغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە يىلدا بىر قېتىم ئورۇلۇپ، ھەيۋىسى
سۇندۇرۇلىدىغان قىسمەتكە مۇپتىلا بولغانىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ-



دىن ياسالغان نەيمۇ قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ، ھەسرەت -
نادامەتلىك ئاۋاز چىقىرىدىكەن.

بوۋام يەنە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ رەڭگى ۋە قۇشلارنىڭ ئا-
ۋازىنىڭ ئۆزىگە خاس خاسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى دائىم ئەس-
كەرتىپ تۇراتتى. قىزىل ياكى شۇنىڭغا مايىل ئۆسۈملۈكلەرنى
ئاۋاتلىقتىن بېشارەت بېرىدۇ دەپ قارايتتى. يېشىل رەڭلىك
ئۆسۈملۈكلەرنى رىزىقنىڭ مول بولۇشىدىن بېشارەت بېرىدۇ،
دەپ قارايتتى. قارا ياكى ئالا رەڭ ئۆسۈملۈكلەرنى يامانلىقتىن
بېشارەت بېرىدۇ، دەپ قاراپ ئۇچرىغانلا يەردە يۇلۇپ
تاشلايتتى. كاككۇك، تورغاي، تۇمۇچۇقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسا
چىرايى سۇزۇلۇپ كېتەتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ياخشىلىقنىڭ
ئالامىتى دەپ ھېسابلايتتى. سېغىزخان، پاختەك، قاغىنىڭ ئاۋا-
زىنى ئاڭلىسا روھى چۈشۈپ كېتەتتى. چۈنكى بوۋام ئۇلارنى
يامانلىقنى چىللايدۇ، دەپ ھېسابلايتتى.

بوۋام تۇرۇۋاتقان بۇ جاڭگال بىر - بىرىگە رەقىب بولغان
ئىككى ئەلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىتەرەپ رايونغا ئوخشاپ كې-
تەتتى. بۇ رايوننىڭ ھۆكۈمرانى بوۋام ئىدى. پۇقرالىرى بولسا
دەل - دەرەخلەر، ئۇچار قۇشلار، ھايۋانلار، قۇرت - قوڭ-
غۇز ۋە تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەردىن ئىبارەت ئىدى. بوۋام ئۆزد-
گە قاراشلىق بۇ پۇقرالارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلەتتى. ھەر
كۈنى ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاخشىمى كۆمۈپ قويغان
كۆمەچ بىلەن قورسىقىنى توقلاپ، ئاشقىنىنى پوتىسىغا تۈگۈپ،
سېغىزدەك سىلىق كونا قاپاقتا سۇنى توشقۇزۇپ ئېشەككە ئار-
تاتتى-دە، پۇقرالىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ماڭاتتى. مەن
ئېشەككە مىنىپ بوۋامغا ھەمراھ بولاتتىم. بوۋام قايسى دەرەخ-
كە قايسى قۇشنىڭ ئۇۋۇلايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا
دەرەخلەرنى شۇ قۇشلارنىڭ نامى بىلەن كۆك تولغا، قارا قۇش-
قاچ، پاختەكچى دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتايتتى.

باشقىلار ئۈچۈن زېرىكىشلىك ھېسابلىنىدىغان ئاسمىنى
كەڭ، سۇرلۇك، ئادەمسىز بۇ جاڭگال بوۋامنىڭ جەننىتى ئى-
دى. ئۇ مۇشۇنداق كەڭلىكتە ئەركىن - ئازادە ياشاشنى ياخشى
كۆرەتتى. ئۆزىنىڭ سالاپىتى ۋە جاسارىتىنى مۇشۇ جاڭگالدىن
ئىزلەيتتى. خۇشاللىقى ۋە قايغۇسىنى مۇشۇ جاڭگالدىن تاپاتتى.
ئۆزىنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان ئىدى. باشقىلارنىڭ
ئارىلىشىۋېلىشىنى ياقتۇرمايتتى. شۇ سەۋەبتىن ئاق كۆڭۈل،
باغرى يۇمشاق بولۇشىغا قارىماي، مىجەزى چۇس، تەرساراق
ئىدى. مەن بالىلىق چاغلىرىمنىڭ كۆپ قىسمىنى بوۋام بىلەن
بىرگە ئۆتكۈزدۈم. شۇڭا مېنىڭ بەزى مىجەزلىرىمنى بوۋامنىڭ
تەسىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدىغانلىقى ماڭا ئايان.

ئوقۇش يېشىمغا يەتكەندىن كېيىن بوۋامنىڭ يېنىدىن ئاي-
رىلىپ، مەكتەپكە يېقىنراق بولغان يېزىدىكى ئۆيگە قايتىپ
كەلدىم. چۈنكى مەن ئوقۇشۇم كېرەك ئىدى. ئەمما بوۋام بۇنى
ئانچە خالاپ كەتمەيتتى. مېنىڭ داۋاملىق ھالدا ئۆزىگە ھەمراھ
بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەمما راستىمنى ئېيتسام يېشىمنىڭ
ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، مەنمۇ بۇ يەردىن زېرىكىشكە باشلىغان-

دىم. بوۋامنىڭ مېنى خۇشال قىلىش، يېنىدىن ئايرىماسلىق ئۈچۈن كۆرسەتكەن بارلىق تىرىشچانلىقلىرى ئاخىرلاشقاندەك قىلاتتى. چۈنكى مەنمۇ ئۆزۈمگە ئوخشاش تەڭتۇش دوستلىرىمنىڭ بولۇشىنى، ئۇلار بىلەن قېنىپ - قېنىپ ئويناشنى ئارزۇ قىلاتتىم. بۇ باللىقتىكى تەبىئىي ئىستەكلەرنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

ئومۇمەنىڭ يەر ۋە مال - مۈلۈكلىرى شەخسلەرگە ھۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىن، بوۋامنىڭ جاڭگالدىكى مۇستەقىل ھالدا ئۆزىگە خوجا بولۇپ ياشايدىغان سەلتەنەتلىك ھاياتى ئاخىرلاشتى. ئۇ ئامالسىز يېزىدىكى ئۆيىمىزگە قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ خۇددى تاغدىن ئايرىلغان يولۋاستەك جىمغۇرلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ باغرى كەڭ جاڭگالدىن، كۆنۈپ كەتكەن ئەركىن مۇھىتتىن، ئۆز دۇنياسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا قىيمايۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

باشقىلارنىڭ نەزىرىدە بوۋام ئاددىي بىر ئادەم، جەمئىيەتنىڭ ئادەتتىكى بىر ئەزاسى، باشقىلاردىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدىغان دېھقانلارنىڭ بىرى ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ مېنىڭ قەلبىمدىكى ئوبرازىنى باشقىلار بىلەن تەڭلەشتۇرۇپ بولمايتتى. ھەر بىر ئادەمنىڭ قەلبىدە ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ، يۈكسەك ئادەملىرى بولغانغا ئوخشاش، بوۋاممۇ قەلبىمدىكى ئۇلۇغ ئادەم ئىدى. بوۋامنىڭ كەم سۆز، ئەمما ياسالمىلىق بىلەن ئەسلا سىغىشالمايدىغان كەسكىن خاراكتېرى، بولۇپمۇ ھەق - ناھەققە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە ئەسلا مەيداندىن ۋاز كەچمەيدىغان، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يۈز - خاتىرە قىلمايدىغان، سالاغا كۆنمەيدىغان تەرسالىقى، ئەمەلىي تۇرمۇش جەريانىدا ئۆزى بىۋاستە يەكۈنلىگەن ۋە قەتئىي ئەمەل قىلىدىغان ئۆزىگە خاس ھايات تەجرىبىلىرى ئۇنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى ھېسابلىناتتى. مۇشۇ سەۋەبتىن بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنى ئانچە ياقتۇرۇپمۇ كەتمەيتتى. ئەمما بوۋامنىڭ بۇنىڭدىن پەرۋايى پەلەك ئىدى. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خاس خاراكتېر ۋە خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بىر ئەر ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كېچىكىپ، تولىمۇ كېچىكىپ ئاندىن ھېس قىلىپ يەتتىم. نەتىجىدە مېنىڭ بوۋامغا بولغان ھۆرمىتىم، ئىخلاسىم يەنىمۇ



چوڭقۇرلاشتى.

بوۋام يېشى يۈزدىن ئاشقاندا كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. ئەلمىساقتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قازايى -قەدەرنى قوبۇل قىلماسلىقنىڭ ئامالى يوق ئىدى. كەتكەنلەرگە تەۋپىق، قالغانلارغا سەبىر تىلەشتىن ئىبارەت خاسىيەتلىك ئۇدۇمنىڭ تەسەللىسى بىلەن بىز ئۆز يولىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك ئىدى. بۇ ئەسلا مەرھۇملارنى ئۇنتۇپ كېتىشتىن دېرەك بەرمەيتتى. بولۇپمۇ بوۋامنى ئۇنتۇپ كېتىشىم زادى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھازىرغىچە بوۋامنى ھەر ۋاقىت سېغىنىپ ياشىدىم. بۇ سېغىنىش قان - قېنىمغا سىڭىپ كەتكەن يۈكسەك ئەقىدىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا ماڭا ئەدەبىياتنىڭ جىنى چاپلاشتى. ئوتتەك قىزغىنلىق، تۈگىمەس سەۋدايىلىق بىلەن شېئرىيەت كوچىسىغا كىرىپ كەلدىم. ئۆزۈم بىلگەنچە بىر نېمىلەرنى يازدىم. يازغانلىرىم ئەلۋەتتە ماڭا ئەڭ يېقىن، مەن ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك تېمىلار بولدى. شۇ جەرياندا گەرچە بىۋاستە نامىنى تىلغا ئالمىغان بولسامۇ، بوۋامنىڭ روھىغا بېغىشلاپ خېلى كۆپ شېئىرلارنى يازدىم. تۆۋەندىكى «خىزىرنىڭ مېھمىنى» دېگەن شېئىر ئەنە شۇلارنىڭ بىرى ئىدى:

سەۋەب تولا ئالەمدە
كىشىلەر نەگىدۇر كېتەركەن،
كۈن ئۆتۈپ
ئاي ئۆتۈپ
ياكى يىل ئۆتۈپ قايتىپ كېلەركەن.

سەنمۇ كەتتىڭ
يىل ئەمەس،
يىللار ئۆتۈپمۇ قايتىپ كەلمىدىڭ.

يولۇڭغا قارىدىم ھەر كۈنى،
ئىزىڭنى ئىزدىدىم ھەر ياقتىن.
شامالدىن سورىدۇم ئىسمىڭنى،
جاۋابسىز ئۆرتەندىم يىراقتىن.

بىلمەپتىمەن
چەكسىز ئىكەن سېنىڭ مەنزىلىڭ،
يەردە ئەمەس، كۆكتە ئىزلىرىڭ.
سەن كېتىپسەن
خىزىرغا مېھمان بولغىلى
مۇڭدىشىپ ئارام ئالغىلى.

2015 - يىلى 6 - مارت ئۈرۈمچى

مۇھەررىر: روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ قاشتاش
ئېلخەت: rozimuhemmet@qashtash.com

uyghurkitap.com



◉ زاھىر بۇرھان

# سالون ئىنقىلابى



## بىرىنچى قىسىم

تۇغۇلۇپ ئەقلىمگە كەلگەن چېغىمدا ئىنقىلاب بولۇۋېتىپتىكەن. شۇڭا كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىن «ئىنقىلاب» دېگەن سۆزنى ناھايىتى كۆپ ئاڭلاپ تۇراتتىم. ئەمما «ئىنقىلاب» دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى زادىلا بىلمەيتتىم. ئويلاپ باقسام ھازىرمۇ تازا بىلىپ كەتمەيدىكەنمەن.

ئەقلىمگە كەلگەن شۇ مەزگىللەردىن ھازىرغا قەدەر مەن ئاڭلىغان «ئىنقىلاب»نىڭ تۈرلىرىدىن «سانائەت ئىنقىلابى»، «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى»، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»، «ئىسلاھات — ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىنقىلابى»، «ئىنتېرنېت — تور — كومپيۇتېر — ئۇچۇر ئىنقىلابى» دېگەندەك ئىنقىلابلار بار ئىكەن. راستىنى ئېيتسام، شۇ ئىنقىلابلارنىڭ قانداق يوسۇندا بارلىققا كېلىپ قانداق راۋاجلانغانلىقى، قانداق ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكى قاتارلىقلارنى ئانچە بىلىپ كەتمەيمەن. ھەتتا «ئىنقىلاب» دېگەن سۆزنىڭ بىزنىڭ تىلىمىزغا قايسى تىلدىن كىرگەنلىكىنىمۇ بىلمەيمەن. گەرچە تور لۇغەتلىرىدىن بىر نەچچىسىگە مۇراجىئەت قىلىپ، «ئىنقىلاب» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئىزدەپ باققان بولساممۇ ئەمما قانائەتلەنگۈدەك بىر نەرسە چىقمىدى. پەقەت «ئىنقىلاب» سۆزىنىڭ قايسى مىللەت تىلىدا قانداق ئاتىلىدىغانلىقىغا ئائىت ئۇچۇرلا كۆرۈندى. ئۇلاردا دېيىلىشىچە، بۇ سۆز خەنزۇچە «革命»، ئىنگلىزچە «Revolution»، تۈركچە «devrim» دەپ يېزىلىدىكەن.

خوش، ئۇنداق بولسا «سالون ئىنقىلابى» دېگەن بۇ گەپ قانداق ئوتتۇرىغا چىقىپ قالدى؟ بۇ كىچىك ھەم ئەرزىمەس «ئىنقىلاب»نىڭ بۇ يەردە ئالاھىدە بىر تېما سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى كىشىنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرگۈدەك بىر ئەرزىمەس ئىشمۇ؟ «ئىنقىلاب» تۇگۇل ھەتتا ئادەتتىكى ئىش تەرىقىسىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكىمۇ ئەرزىمەيدىغان بۇ نەرسىنىڭ بىز مەخسۇس تېما يېزىپ چۈشەندۈرگۈدەك قانداق ئەھمىيىتى بار؟

راستىنى دېسەم بۇ ھەقتە يېزىشنىڭ ئەھمىيىتى بار ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم. چۈنكى، ئۆز نامىمدىكى سالون ئېچىلغاندىن كېيىن بۇ ھەقتىكى خام ماتېرىياللىرىم بەك كۆپ بولۇپ كەتكەنىدى.

توۋا دەيمەن... ئۈندىدار سالونى دېگەن سامانىنىڭ نەرخىدە تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق نەرسىنى ھەرقانداق ئادەم تىزىملىتىپلا قۇرالايدىغان تۇرسا، ئەمدى مەن ئارىلىشىپ قالسام نېمە بولۇپ كېتەتتى بۇ ئىشلار؟

سالونغا ئەسەر يوللىمىغىلى بىر ھەپتە بولاي دەپ قالدى. مۇشۇ بىر ھەپتىدىن بېرى مەن «تەپتىشچىلەر»نىڭ قىزغىن ھەم يۇمۇرلۇق سوراقلىرىغا دۇچ كەلدىم. تۆۋەندىكىلىرى ئەنە شۇلاردىن بىر قىسىملىرى ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىدە بولىدۇ.

1

تۇنجى سوراق شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مەلۇم بىر يۇقىرى ئۇنىۋانلىق ئوقۇتقۇچىدىن كەلدى.

— ۋەي... ۋەي!

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم...

— سىز زاھىر بۇرھان دېگەن ھېلىقى ناخشىچى بالىما؟

— شۇنداق ... ئۆزىڭىز؟

— مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ** بولىمەن. مېنى بىلىسىز ھەقاچان؟

— ھەئە ... بىلىدىم ...

ئەمەلىيەتتە ئۇنى پەقەتلا بىلمەيدىكەنمەن ...

— باشقىلار ماڭا سىزنىڭ مىكرو بىلوگىڭىزنى ئەۋەتىپتىكەن، كۆرۈپ چىقتىم، خېلى يامان ئەمەس نەرسىلەرنى يوللاۋېتىپسىز. بۇ بىلوگنى ئۆزىڭىز ئاچتىڭىزما؟

— ھەئە، شۇنداق دېسەممۇ بولىدۇ.

— شۇنداق دېسەممۇ دەيسىزغۇ؟ ئۇ بىلوگ سىزنىڭ ئەمەسما؟

— بىلوگقۇ مېنىڭ، ئەمما مەن بىلوگ ئېچىشنى بىلمەيمەن. ئۇنى بىر ئوقۇغۇچۇم ئېچىپ بەردى، تېمىلارنى شۇ يوللاپ بېرىۋاتىدۇ.

— ھە... مۇنداق دەڭ. نېمە بولۇپ بىلوگ ئېچىپ قالدىڭىز؟ ئەمدى ناخشىچىلىقتىن قول ئۈزۈپ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىناي دەپ ئويلىدىڭىزمۇ - يا؟ بۇ ئىشىڭىزغۇ بوپتۇ، لېكىنزە ئۇكام قاراڭ، يېزىقچىلىق ناخشا ئوقۇغاندەك ئوخشاش ئاددىي ئىش ئەمەس. ئۇ كەسىپنى قىلىش ئۈچۈن مەلۇم دەرىجىدە سەۋىيە بولمىسا بولمايدۇ. كاللامغا كەلدى دەپلا قالايمىقان بىر نەرسىلەرنى يېزىپ يۈرسىڭىز، ناخشا ئوقۇپ ئاران تاپقان يۈزىڭىزنىمۇ چۈشۈرۈۋالارسىزمىكىن؟ سىزگە ياخشى بولسۇن دەپ شۇنداق دەۋاتىمەن جۇمۇ، گېپىمنى خاتا چۈشەنمىۋالماڭ يەنە! ئالتۇن دېگەننى زەرگەرنىڭ سوقىشى ياخشى. كونىلاردا قۇشقاچ بولسىمۇ قاسساپ سويسۇن دەيدىغان تەمسىل بارغۇ؟ شۇڭا ئېسىڭىزگە سېلىپ قوياي دەپ تېلېفون قىلىشىم. ھە راست، سالونىڭىزنى قوشۇۋالدىم كۆردىڭىزمۇ؟

— ئاكا سىزگە كۆپ رەھمەت ... ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپ تېلېفون قىپسىز. ئەمما مەن بۇ سالوننى ئوقۇغۇچىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇپ قويغان. شۇ ئوقۇغۇچۇمنىڭ دېيىشىچە، ھازىر دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەلدىكى نۇرغۇن داڭلىق سەنئەتچىلەرنىڭ مۇشۇنداق سالونلىرى بارمىش. ئۇلارنىڭ بۇنداق بىر سالوننى قۇرۇپ قويۇشتىكى مەقسىتى قوللىغۇچىلىرىغا ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ تۇرۇش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ئۆزى ئۈستىدىن تاپقان سۆز - چۆچەك ۋە بەدنامىلارغا ئېنىقلىما بېرىش ئىكەن. ئەلۋەتتە، ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىدىكى بەزى ئىشلارنى ئاشكارىلاش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىشمۇ ئاساسلىق نىشانىنىڭ بىرى ئىكەن. مەنمۇ داڭلىق شەخس بولغاندىكىن مۇشۇنداق بىر سالوننى قۇرۇپ قويۇشۇم زۆرۈرمىش. چۈنكى ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر مېنىڭ ئىز - دېرىكىمنى قىلىۋېتىپتۇمىش. مەن توغرۇلۇق جەمئىيەتتە ھەر خىل سۆز - چۆچەكمۇ بارمىش...

— ھە ... مۇنداق دەڭ، مەن سالونىڭىزنى قوشۇۋالدىم ... ئىسمىمنى سالونىڭىزدا كۆردىڭىزمۇ؟

— ياق، كۆرمىدىم. چۈنكى مەن سالوننى قېتىۋالغان كىشىلەرنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى پەقەتلا بىلمەيمەن. لېكىن ئوقۇغۇچىمنىڭ دېيىشىچە، سالون قۇرۇلغان مۇشۇ قىسقىغىنە بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ئادەم سانى 20 مىڭ كىشىگە يېتىپتۇمىش. ھازىر بۇ سان كۈندە 500 ئادەم كۆپىيىشتەك ھالەتنى ساقلاۋېتىپتۇمىش.

— ھىم... ئۇنداقتا سىزنىڭ سالونىڭىزنى قوشۇۋالغىنىمنى باشقىلار بىلەلەمدۇ؟ دېمەكچى بولغىنىم ئۇكام، خەق مېنى زاڭلىق قىلىپ يۈرمىسۇن دەيمىنا ئەمدى.

— ياق ئاكا بىلەلمەيدۇ. سالوندا بىراۋ يەنە بىراۋنىڭ بارلىقىنى بىلەلمەيدۇ. ھە راست ئاكا، سىزدىن سوراپ باقسام، بۇ سالوننى قوشقىنىڭىزنى باشقىلار بىلسە سىزنى نېمىشقا زاڭلىق قىلار؟

— ھەي ... مۇنداق ئىش ئۇكام، مەن بىر ئالىي مەكتەپنىڭ دوتسېنتى. دوتسېنت دېگەننى سىز تازا چۈشىنىپ كەتمەيسىز ھەقچان ... باشقىلار مېنىڭ سىزنىڭ باش سۈرىتىڭىز چۈشۈرۈلگەن سالونىڭىزدا تۇرغىنىمنى بىلسە... قالغىنىنى ئۆزىڭىز چۈشىنىۋېلىڭ ... خوش ئۇكام، باشقا كۈنى يەنە سىزگە تېلېفون قىلارمەن - ھە ...

2

بۇ قېتىمقى «سوراق» خېلى نامى بار بىر شائىردىن كەلدى.

— زاھىر ئەپەندى، ئوبدان تۇرۇۋاتامسىز؟

— ياخشى، ئۆزىڭىزچۇ؟ ئوبدان تۇرۇۋاتامسىز؟ بۈگۈن قايسى شامال سىزگە مېنىڭ ھىدىمنى يەتكۈزگەندۇ؟ تېلېفون ئالغىنىڭىزدىن بەك خۇش بولۇۋاتىمەن.

— مۇنداق ئىشتى، قاراڭ. ئاڭلىسام ئۇندىدار سالوندىن بىرنى قۇرۇپ كۈندە شۇ ئىش بىلەن ئالدىراشكەنسىز. مېنىڭچە بۇنداق ئەرزىمەس ئىشلارغا ۋاقتىڭىزنى زايە قىلماي چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلسىڭىز بولاتتى. ئۇندىدارغا يوللانغان نەرسىلەرنى كىشىلەر ئوقۇپ قويۇپلا ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىۋېرىدۇ. ئۇنىڭغا باش قاتۇرۇپ كېتىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، شۇنداققۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە «سالون قۇرۇش» دېگەندەك بۇنداق ئىشلار كىچىك سويما باللار ئوينايدىغان ئىش. سىز شۇ سالاھىيىتىڭىز بىلەن كىچىك باللارنىڭ ئويۇنچۇقىنى ئويناپ يۈرسىڭىز باشقىلار سىزنى «قېرىپ، مېڭىسى يېگىلەش» كېسىلىگە گىرىپتار بوپتۇ دەپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سالونىڭىزنى ئاشكارا قۇرۇپ، سالوننىڭ ماركىسىغا ئۆزىڭىزنىڭ بېشىڭىزنى چىقىرىپسىز. بەلكىم، سىزنىڭ بېشىڭىزنى كۆرگەنلەر سىزنى ئۆزىنى باشقىلارنى يېتەكلەيدىغان ئاجايىپ بىر خىسلەتلىك پەيلاسوپ چاغلاپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ قوشماسلىقى مۇمكىن. (ھې ... ھې ... ھې ... چاقچاق - ھە!) ئادەم ياشقا چوڭ بولغانسېرى شۆھرەتپەرەس بولۇپ كېتىدىكەن. باشقىلار مېنى ئۇنتۇپ قالدىمىكىن دەپ بۇنچىۋالا تىپىرلاپ كەتمىسىڭىزمۇ بولاتتىغۇ؟ خەق سىزنى بۇرۇن شۇنداق بىر ناخشىچى بار ئىدى، ھازىرمۇ بارمىدۇ دەپ ئانچە - مۇنچە ئەسلەپ قويىدۇ. شۇڭا بەك ئەنسىرەپ كەتمەڭ (ھې ... ھې ... ھې ... چاقچاق - ھە!) شۇ مەن سىزگە ياخشى بولسۇن دەپ شۇنداق دەپ قويدۇم ... قالغىنىنى ئۆزىڭىز بىلەرسىز.

مەن بۇ تېلېفون ئىگىسىگىمۇ بىرىنچى «سوراق»تىكى گېپىمنى تەكرارلىدىم.

— شۇنداق بولسىمۇ بۇنداق ئىشلارغا ئارىلىشىپ يۈرمەڭ، دېمەكچىمەنغۇ ... خوش ئەمىسە، كېيىنچە يەنە تېلېفونلىشارمىز...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

3

ئەمدىكى سوراق بىر ئوقۇتقۇچى تەرىپىدىن بولدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ياخشىمۇسىز زاھىر بۇرھان ئەپەندى!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام... ياخشى، رەھمەت ...

— يائاللا، سىز راستتىنلا زاھىر بۇرھانما؟

— شۇنداق، مەن شۇ...

— تېلېفون نومۇرىڭىزنى تاپماق نېمانداق تەس؟ مەنغۇ جۇيەندىكى (ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنى دېمەكچى) ھەممە ئارتىسنى دېگۈدەك تونۇيمەن بولمىسا. قايسىدىن تېلېفون نومۇرىڭىزنى سورىسام، «بىلمەيمەن» ئۆيى نەدە دېسەم «بىلمەيمەن»، ھازىر نەدە، نېمە ئىش قىلىدۇ دېسەم يەنە «بىلمەيمەن» دەيدۇ. ئۇلاردىن نېمىشقا سىزنى بىلمەيدىغانلىقنى سورىسام بۇنىڭمۇ سەۋەبىنى بىلمەيدىغانلىقنى ئېيتىشتى. ئاخىر، ئۇنىڭ - بۇنىڭدىن سۈرۈشتۈرۈپ ئارتىسلارنىڭ كىيىم - كېچەكنى تىكىدىغان سەيپۇڭ تونۇشۇمدىن سورىسام بۇرۇنقى تېلېفون نومۇرىڭىزنى دەپ بەردى. تېلېفون ئالسام كۆك خاۋ دەيدۇ. (ئىشلىتىلمىگەن تېلېفون نومۇرى دېمەكچىكەن) شۇنىڭ بىلەن ...

بۇ ئۇزۇن ھېكايىدىن زېرىكىپ گېپىنى بۆلدۇم:

— كۆپ جاپا چېكىپسىز. مېنى شۇنچىۋالا ئىزدەپ كەتكىنىڭىزگە قارىغاندا بىرەر جىددىي ئىشىڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟

— توختاپ تۇرۇڭە، گېپىم تېخى تۈگىمىدى. تېلېفون نومۇرىڭىزنى تاپالماي جىلە بولۇپ تۇرسام جۇيەننىڭ (ئوپېرا ئۆمىكىنى دېمەكچىكەن) ئالدىدا كەسپىدىشىڭىز ** ئۇچراپ قالدى، شۇنىڭدىن تېلېفون نومۇرىڭىزنى سورىسام، «ۋاي تاڭەي، ئۇ ئاداش ھەپتىدە بىر تېلېفون نومۇرى ئالماشتۇرىدىكەن، مەندىمۇ ئۇنىڭ بەش - ئالتە نومۇرى بار، قايسىسىكىن بىلەلمىدىم. مۇشۇ نومۇرنىڭ ھەممىسىگە تېلېفون قىلىپ بېقىڭ بىرەرسى ئۇلىنىپ قالار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بەرگەن تېلېفون نومۇرىنىڭ ھەممىسىگە ئۇرۇپ چىقتىم، بىرەرسىمۇ ئۇلانمىدى. بەزىسى باشقا ئادەمكەن، بەزى نومۇر ئېتىككەن، بەزىسى توختىتىۋېتىلگەن نومۇرلاركەن.

— كەچۈرۈڭ ... سەل ئالدىراش ئىدىم، گەپنىڭ نەق ئۆزىنىلا دېسىڭىز...

— ۋاي - ۋوي، نېمانداق ئالدىرايسىز؟ داڭلىق ئادەم دېگەن سەل كەمتەر بولغىنى ياخشى، بولمىسا خەقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىدىغان گەپ. مەنمۇ شۇ سىزنى ئاران تاپقاندا، تارتقان جاپايىمنى دەۋالاي دېدىم، بولمىسا مېنىڭ ئىشىممۇ ئاز ئەمەس ئىدى. شۇنداق قىلىپ تېلېفون نومۇرىڭىزنى بىر ھەپتىگىچە تاپالمىدىم. بۈگۈن قانداق بولدى، بىر قارا تاكسىغا چىقىپ قاپتىمەن، چىقىشىمغىلا ناخشىڭىزنى رادىيودا بېرىۋاتىدۇ. تاكسى ھەيدەيدىغان بالىغا «ما ئاداشنى ئىزدەۋاتقىلى ھەپتە - ئون كۈن بولدى، يا ئۆزىنى ئۇچرىتالمىدىم، يا ئۆيىنىڭ نەدىلىكىنى بىلەلمىدىم، يا تېلېفون نومۇرىنى ئۇقالمىدىم» دېسەم، ئۇ: «زاھىر ئاكامنىڭ تېلېفون نومۇرى مەندە بار، تېخى تونۇگۇنلا ماشىنامنى كىرا قىلىپ دوختۇرخانىغا بارغان، كېتىۋېتىپ ئۇنىڭغا: ‹سىز دېگەن ھەممە كىشى بىلىدىغان داڭلىق شەخس، بۇنداق قارا تاكسىدا يۈرسىڭىز ياراشمايدىكەن، ماشىنىدىن بىرنى ئالسىڭىز بولمامدۇ› دېسەم، ئۇ كىشى كۈلۈپلا قويدى. باشقا گەپ قىلمىدى. ئاڭغىچە مەن ئۇنىڭدىن تېلېفون نومۇرىنى سورىدىم، ئۇ ماڭا ئىككىلەنمەيلا تېلېفون نومۇرىنى دەپ بەردى. ئاندىن ماشىنامدىن چۈشۈپ، پۇلنى بېرىۋېتىپلا، بىر چەتتە توختىتىپ قويغان خېلى داڭلىق ماركىلىق ماشىنىنى ھەيدىگىنىچە بىر ياققا كېتىپ قالدى...» دېگەنىدەك گەپلەرنى قىلىپ بەردى.

ئۇزاققا سوزۇلغان بۇ ھېكايىدىن جاق تويدۇم-دە، تېلېفوننى بېسىۋەتتىم. ئەمما، ئۇ كىشى يەنە تېزلىكتە تېلېفون قىلدى:

— ۋەي ... ۋەي ... نېمە بولدى؟ تېلېفون ئۈزۈلۈپ قالدى - يا؟ بېسىۋەتمىگەنسىز؟ يا مېنىڭ قولۇم تېگىپ كەتتىمۇ؟

— تېلېفوننى قويۇۋەتتىم، — دېدىم ئۇنىڭغا، — بەك زۆرۈر ئىشىم بار ئىدى، قارىسام گېپىڭىز تۈگىمەيدىغاندەك قىلىدۇ، گەپ سەل ئۇزۇن بولسا باشقا چاغدا دەمسىز؟

— مانا ... مانا ... گەپمۇ تۈگىدى، شۇنداق قىلىپ تېلېفون نومۇرىڭىزنى ئاخىرى تاپتىم دەڭە، دېمەكچى بولغىنىم سىز بىر ئۈندىدار سالونى ئېچىپتىكەنسىز شۇنداقمۇ؟

— ھەئە، شۇنداق.

— ھە شۇ سالونىڭىزنىڭ تەسىرى بەك ياخشى، ھازىر ھەممە ئادەم شۇ سالوننى كۆرۈۋاتىدۇ.

— دېمەكچى بولغىنىڭىز شۇمىدى؟ رەھمەت. ھەممە ئادەم شۇ سالوننى كۆرۈۋاتىدۇ دېگۈدەك ئىش يوق، ئىچ پۇشۇقىدا مۇنداقلا قىلىپ قويغان ئىشتى ئۇ.

— ۋاي ... بولدى، كەمتەرلىك قىلىپ كەتمەڭ. دېمەكچى بولغىنىم، سىز ئۇ سالوندا «سەنئەت ئۇيغۇرلارغا نېمە قىلدى؟» دېگەن كاتتا بىر ماقالىنى يېزىپسىز. بۇ ماقالىڭىز ھازىر زىلزىلە قوزغاپ كەتتى. ھەممە يەردە شۇ ماقالىنىڭ گېپى. ئەمما، بەزى كۆرەلمەس ئادەملەر سىزنى ئۇ ماقالىنى ئۆزى يازمىغان، باشقىلارنىڭ ماقالىسىنى ئوغرىلىۋالغان دەيدۇ. مەن ئۇلارغا رەددىيە بەردىم. كۆرمەمسىز، بۇ كۆرەلمەس، ھەسەتخور، پىتنىچىلەرنى ... يا ئۆزى قىلالمىغان، يا باشقىلار قىلسا كۆرەلمىگەن ...

— توختاپ تۇرۇڭە قېرىندىشىم، ھەقىقەتەن ئۇ ماقالىنى مەن يازمىغان. ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان بىرىنىڭ ماقالىسى ئۇ... مەن پەقەت شۇ ماقالىنىڭ باش تەرىپىگە ئۆزۈمنىڭ قىسقىچە ئويلىرىمنى ئىلاۋە تەرىقىسىدە قىستۇرۇپ قويغان، خالاس. ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ ئىسمى ئېنىق تۇرامدۇ؟

— ھە ... خەق بىكار گەپ تاپماپتىكەن - دە ئەسلى. ئۇ ماقالىنى ئۆزىڭىز يازمىغان بولسىڭىز نېمىشقا كىشىلەر سىزنى يازدى دەيدۇ؟ ئاڭلىسام ماقالىنىڭ بېشىغا ئۆزىڭىزنىڭ ئىسمىنى يېزىپسىزغۇ؟

— ۋاي ئاللا، مەن سىزگە بايا دېدىمغۇ، مەن پەقەت شۇ ماقالىنىڭ باش تەرىپىگە ئۆزۈمنىڭ قىسقىچە قارىشىمنى ئىلاۋە تەرىقىسىدە قىستۇرۇپ قويدۇم ...

— ئۇنى بىلدىم قاراڭ! لېكىن ماقالىنى ئاپتورىدىن سورىمايلا سالونىڭىزدا ئېلان قىلىۋاپسىز، شۇڭا خەق خاتا چۈشىنىپ قالغان چېغى.

— ئۇ ماقالە «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»دە ئېلان قىلىنىپتىكەن، مەن ئەسلى مەنبەسىنى ئەسكەرتكەن ھالدا كۆچۈرۈپ ئېلان قىلدىم.

— ئۇنداق بولسا ياخشى بوپتۇ. خەقنىڭمۇ ئېغىزى يۇمۇلغىدەك ئەمدى. مەنمۇ ئۇ ماقالىنى ئوقۇپ باقمىدىم، خەقلەرنىڭ ئارىسىدا مۇشۇ گەپ قىزىپ كېتىپتىكەن، سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئاندىن بىرنېمە دەي دەپ سىزگە تېلېفون قىلىشىمتى.

— رەھمەت سىزگە. تېلېفوننى قويۇۋەتتىم...

— راست، ئەسكەرتىدىغان يەنە بىر ئىش بار: سالونىنى ئېچىۋېرەمسىز ياكى بىر مەزگىلدىن كېيىن توختىتىپ قويامسىز؟ دېمەكچى بولغىنىم، يەنە داۋاملىق ئاچسىڭىز مەندە ياخشى ئەسەرلەر بار ئىدى، شۇنى سىزگە بېرەي، سالونىڭىزدا ئېلان قىلىڭ. سىزنى قوللىغىنىم بولۇپ قالسۇن. ھەممىمىز بىر مىللەت بولغاندىكىن، بىر ـ بىرىمىزنى قوللىمىساق بولمايدۇ دەڭە ...

— مېنى قوللىغىنىڭىزغا كۆپ رەھمەت قېرىندىشىم، ئەمما يەنە ئالاقىلىشىپ تۇرارمىز، خوش...

— تېلېفوننى قويماي تۇرۇڭە، بىر گەپنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

— نېمە گەپنى؟

— سىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ بىر ماقالىسىنى سالونىڭىزدا ئېلان قىلغانمۇ؟

— ھەئە... «ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار» دېگەن ماقالىسىنى چىقارغانتۇق...

— ھە... ئاڭلىغىنىم راستكەن. ئۇ ئادەمگە سىز تۇغقان كېلىدىكەنسىز ـ ھە؟

— شۇنداق... نېمە بولدى؟

— سىز ئۇ ئادەمنى بۈيۈك مۇتەپەككۇر دېگەنمىدىڭىز؟

— شۇنداق.

— مۇتەپەككۇر دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىپ دېگەنسىز ـ ھە؟ مېنىڭچە، سىز بىلىسىز. لېكىن ئۇيغۇرلاردا تېخى مۇتەپەككۇر چىقمىغاندى. سەل ئالدىراپلا بۇ نامنى ئۇ كىشىگە بېرىپ قويدىڭىزمۇ نېمە؟

— سىزنىڭچە «مۇتەپەككۇر» دېگەن نامنى قانداق كىشىگە بەرسەك توغرا بولار؟

— دېمەكچى بولغىنىم، تۇغقانلىق ھېسسىياتى بىلەن ئىلمىي ئۇنۋان مەسىلىسىگە مۇئامىلە قىلساق تازا ياخشى بولماس ... ھازىر جەمئىيەتتە مۇشۇ گېپىڭىز توغرىسىدىمۇ خېلى تالاش ـ تارتىشلار بار ...

— سىزنىڭچە «مۇتەپەككۇر» دېگەن ئۇنۋاننى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىن چىققان بىرەر كىشىگە بەرسەك مۇۋاپىق بولمايدىكەن ـ دە؟

— ماڭا قاراڭ ئەپەندىم، — دېدى ئوقۇتقۇچى ئاۋازىنى سەل قوپاللاق چىقىرىپ، — مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ دېگەندەك ئۇنۋانلار مىڭ يىلدا بىر قېتىم چىقىدىغان دۇنياۋى شەخسلەرگە بېرىلىدۇ. ئۇنى كەلسە ـ كەلمەس كىشىگە بېرىۋەرسەك بۇ نامنىڭ نېمە ئەھمىيىتى قالىدۇ؟ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن دېگەن بىر يازغۇچى، تەتقىقاتچى ھەم ئىجتىمائىي پەندە ئازراق ئىزدەنگەن ئادەم. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز ناخشا ئېيتىش، ساز چېلىش، مۇزىكا ئىجاد قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سەنئەتچى. كۆڭلىڭىزگە كەلسىمۇ دەۋېرەي، سەنئەتچى دېگەننىڭ سەۋىيەسى تولىمۇ ئادەتتىكىچە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى بىلىمى تايىنلىق، بۇنداق چولتا بىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ھېسسىيات بىلەن چىقارغان يەكۈنى ئىلمىي ساھەدە زادى نەزەرگە ئېلىنمايدۇ. «مۇتەپەككۇر»، «پەيلاسوپ» دېگەن ئۇنۋانلارنى بىرەر ئىلمىي ئورگان ياكى بىرەر تەتقىقات گۇرۇپپىسى نۇرغۇن مۇزاكىرە ۋە ئىلمىي تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق ئاندىن ئۇنى قايسى كىشىگە بېرىشنى بېكىتىدۇ. سىز ئالدىراپ ـ سالدىراپ تۇغقاندارچىلىق ھېسسىياتىڭىز بىلەن بۇنداق نادانلارچە يەكۈننى چىقىرىپ قويسىڭىز، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمىگەن نۇرغۇن كىشى بۇ گەپ راست ئوخشايدۇ، دەپ ئىشىنىپ قالىدۇ ـ دە، ئىلىم ساھەسىدە قالايمىقانچىلىق كۆرۈلىدۇ.

— چۈشەندىم، ئۇستاز! — دېدىم مەن سەل زەردە بىلەن، — ئەمما مەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى ئەڭ بۈيۈك، ئەڭ مۇنەۋۋەر ئالىمى ئىكەنلىكىگە شەرتسىز ئىشىنىمەن. سىزنىڭ باياتىن بېرى ئۆتكەن «دەرسلىرىڭىز»نىڭ ماڭا ئىچكى دۇنيارىڭىزنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن باشقا ھېچقانداق رولى بولمىدى.

— ئۇغۇ شۇ ... ئەمدى ... سىزنى بىر نەرسە چۈشىنىدۇ دەپ تېلېفون قىپتىكەنمەن... بولدى ... ۋاقتىڭىزنى ئەپ قويدۇم، كېيىنچە تېلېفون قىلارمەن .... خوش ...

تېلېفوننى قويغاندىن كېيىن كۆڭلۈم غەش بولدى. ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى قەدىرلەش ئىنسانىيلىقنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ئۆلچىمىدۇر، ئۆز قوۋمىنىڭ ئىچىدىن چىققان مۇنەۋۋەر كىشىلىرىنىڭ قەدرىنى بىلىش ھەم ئۇنى باشقا قوۋملەرگە، يۈكسەك شان ـ شەرەپ ۋە غۇرۇر سۈپىتىدە پەخىرلىنىپ تۇرۇپ تونۇشتۇرۇش بولسا، تونۇشتۇرغۇچىدىن ئەڭ ئالىي ئىنسانىي ساپانى ۋە ئۆز قوۋمىگە بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتنى، شۇنداقلا ئەجدادلىرى ۋە ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدا چوقۇم ئۆتەشكە تېگىشلىك قەتئىي باش تارتىشقا بولمايدىغان مەجبۇرىيەتنى تەلەپ قىلىدۇ.

4

بۇ نۆۋەت «سوراق» نامەلۇم بىر كىشىدىن باشلاندى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بۈيۈك ئۇستاز زاھىر بۇرھان ئەپەندى، ياخشىمۇ سىز؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ياخشى ... رەھمەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— مەن دابازادا (چوڭ بازاردا دېمەكچىمەن) دۇكان ئاچىدىغان بىر سودىگەر.

— ھە ئوبدان تۇرۇۋاتامسىز، سودا ئىشلىرىڭىز ياخشى كېتىپ بارامدۇ؟

— ياخشى، ياخشى ... بۈگۈن سىلىنىڭ تېلېفونلىرىنى بىرسىدىن سوراپ، ئۆزلىرىگە تېلېفون قىلىۋاتىمەن. قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى ئېلىپ قويغان بولسام ئۆزرە سورايمەن. بىلىمەن، سىلە بەك ئالدىراش ئادەم. سىلىدەك ئالىملار بىزنىڭ ئارىمىزدا بەكلا ئاز. ئەسلىدە ۋاقىتلىرىنى ئالماي دېگەنىدىم، بىراق بەزى ئىشلارنى سىلىدىن سورىغۇم كېلىپ ...

— ئوبدان بوپتۇ، قېنى سوراۋەرسىلە، لېكىن مېنى «ئالىم» دەپ خاتا ئاتاپ قويدىلا، مەن ئالىم ئەمەس، سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم.

— ئۇنى بىلىمەن. ئۆزۈم ئانچە ئوقۇپ كەتمىگەن بولسامۇ جەمئىيەت داشۆسىدە خېلى پىشىپ قالغان ئادەممەن. سىلىنى ئالىم دېمەي كىمنى دەيمىز؟ قارىسىلا، سىلىدەك كىشىلەر بىزنىڭ پەخرىلىك ئالىمىمىز. سىلىدىن سورايدىغان ئۈچ سوئالىم بار ئىدى، شۇنى سورىۋالسام ... ئەگەر ۋاقىتلىرى قىس بولسا كېيىنچە تېلېفون ئالسامۇ بولىۋېرىدۇ.

— ھە قېنى، سوراۋەرسىلە ...

— رەھمەتلىك ئاتام سىلىنىڭ ناخشىلىرىنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى. ئاناممۇ شۇ، مەنمۇ شۇ، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى سىلىنىڭ ناخشىلىرىنى بەكلا ياخشى كۆرىمىز. بەك ئۇزۇن بولدى سەھنە - ئېكراندىن يوقاپ كەتتىلە، يە بىرەر پىلاستىنكىلىرى چىقمىدى. ئاتام رەھمەتلىك سىلىنىڭ يېڭى ناخشىلىرىنى تولا كۈتۈپ ئۇ ئالەمگە كېتىپ قالدى. ئاناممۇ قېرىپ كەتتى. مەنمۇ چوڭ بولۇپ بىر دۇكاننىڭ خوجايىنى بولۇپ، پۇل تېپىپ، نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايونلارنى ئارىلاپ، بالا - چاقىلىق بولۇپ، بالامنىڭ چوڭىمۇ 15 ياشقا كىرىپ بولدى. سىلىنى بەك ئۇزۇن ساقلاپ كەتتۇق. نېمىشقا سەھنە - ئېكراندىن يوقاپ كېتىلا؟

— سەھنە - ئېكراندىن يوقاپ كەتمىدىم، پەقەت سەھنە - ئېكراننىڭ ئىگىلىرى مېنى تەكلىپ قىلمىدى. مەنمۇ ئۇلارنى ئىزدەپ بولالمىدىم. پىلاستىنكا خوجايىنلىرى ساختا پىلاستىنكا ئىشلەپ چىقىرىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن زىيان تارتىپ سودىسىنى باشقا ئىشقا قاراتتى. ئۈن - سىن بازىرى كاساتلىشىپ كەتكەچكە ئۇلار بىرەر پىلاستىنكامنى نەشر قىلالايلى دېمىدى. مەنمۇ ئۇلارغا مېنىڭ يېڭى ناخشىلىرىم بار ئىدى دەپ يۈرمىدىم. ئىش مانا مۇشۇنداق ئاددىي.

— ئەمىسە، سىلىدە پۇل كۆپ بولغاندىكىن ئۆزلىرى مەبلەغ چىقىرىپ، يېڭى ناخشىلىرىنى پىلاستىنكا قىلىپ نەشر قىلدۇرسىلا بولمامدۇ؟ بەربىر ئۇ پىلاستىنكىلار سېتىلسا سالغان مەبلەغلىرى قايتىپ كېلىدىغان ئىش تۇرسا ... ئادەمنى مۇشۇنداقمۇ تەقەززا قىلامالا؟ بىزنى ئۆزلىرىنىڭ ناخشىلىرىغا كۆندۈرۈپ قويۇپ، مۇشۇنداقلا جىمجىت يېتىۋالسىلا قاملىشامدۇ دەيمەن؟ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىكىلەر سىلىنى چاقىرمىسا ئۆزلىرى ئۇلارنى ئىزدەپ بېرىپ ئانچە - مۇنچە مېھمان قىلىپ ئېغىزىنى ياغلاپ قويسىلا ئۇلارمۇ سىلىنى پات - پات چاقىرىپ تۇراتتى، بىزمۇ سىلىنىڭ يېڭى ناخشىلىرىدىن ھۇزۇر ئېلىپ تۇرغان بولاتتۇق ئەمەسمۇ؟

— ئۇغۇ شۇ... ئەمما مەن بىر ناخشا ئەسىرىنى بىر ئايدا ياكى بىر يىلدا ئاران يېزىپ پۈتكۈزىمەن. ئۇ ئەسەرگە بەك كۆپ قان - تەرىم سىڭىدۇ. شۇنچىۋالا جاپادا يازغان ئەسىرىمنى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا ئاپارسام ئۇ نەچچە ئۆتكەللەردىن ئۆتۈشى كېرەك. تەستىقتىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئېكرانغا چىقىرىش ئۈچۈن رېژىسسورغا يېلىنىش كېرەك، مېھمان قىلىش كېرەك بولىدۇ. ئەڭ ئاخىردا ئۇ ئەسەر ئېكرانغا چىققاندا مېنىڭ قولۇمغا تېگىدىغىنى بىرەر مىڭ سوم پۇل بولىدۇ. بۇ پۇلنىمۇ تەلىيىم كەلسە ئالالايمەن، بولمىسا شۇ پۇلمۇ قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىدىغان گەپ ...

— ۋاي نېمە دەيدىغانلا؟ بىر ناخشا يېزىش شۇنچىۋالا تەس ئىشمۇ؟ توۋا بىر ناخشىنى بىر يىلدا يازىمەن دەيلىغۇ؟... تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى سىلىگە شۇنچىلىك ئاز پۇل بېرەمدۇ؟ مەن تېخى بىر قېتىم ناخشا ئېيتسا ھېچ بولمىغاندا 10 مىڭ سوم بېرەرمىكىن دەپ ئويلاپتىمەن.

دابازادا (چوڭ بازاردا) دۇكان ئاچىدىغان سودىگەر سوئاللىرىنى داۋام قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ھەممە سوئاللىرىغا لايىقىدا جاۋاب بەرمەكتىمەن ... سوئاللارغا بارغانسېرى بىتەرەپلىمەلىككە، تەنتەكلىككە، تېتىقسىزلىققا قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ... مانا ئەمدى قەلەمگە ئالىمەن دەپ شۇ تېتىقسىزلىقلارنى يەنە بىر قېتىم بېشىمدىن ئۆتكۈزمەكتىمەن. بۇنداق نەرسىلەرنى نېمىشقا يازىمەن؟ يازغانلىرىمنى قانچىلىك كىشى ئوقۇيدۇ؟ نېمىشقا ئوقۇيدۇ؟ ئوقۇپ نېمىگە ئېرىشىدۇ؟ مەنچۇ؟ مەن نېمىگە ئېرىشىمەن؟ نامىم چىقامدۇ؟ چىقسا قانداق چىقىدۇ؟ چىققاندىن كېيىن نېمە بولىدۇ؟ ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ پۇل تاپارمەنمۇ؟ مەرتىۋە - مەنسەپكە ئېرىشەمەنمۇ؟ ئۇنۋان - دەرىجە دېگەنلەرنىڭ چوڭى كېلەمدۇ؟ ياكى كىشىلەر ماڭا ھەۋەس قىلىشىپ، ھەممە يەردە مېنىڭ نامىمنى تىلغا ئېلىپ، مېنى كۆرسە يىراقتىنلا سالام بېرىپ، كۈندە توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ، ئولتۇرۇشلارغا چاقىرىپ ئىززىتىمنى قىلىپ كېتەمدۇ؟ ياق! ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بولمايدۇ. بۇرۇنمۇ بولغان ئەمەس، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بولمايدۇ. ئەقلىمگە كېلىپ چىن يۈرىكىدىن ئەجىر قىلىپ، بىر ئۆمۈر سەنئەت ئۈچۈن تەر تۆككەن بىرەر كىشىنىڭ تېخى يۇقىرىقى نەرسىلەرنىڭ بىرەرسىگىمۇ ئىگە بولغىنىنى ئاڭلاپ باقمىدىم ھەم كۆرۈپمۇ باقمىدىم ... ئەمىسە نېمىشقا يازىمەن؟

ئىچىمگە قاپسىلىپ، مېنى قىيناۋاتقان تۇيغۇلىرىم بار. شۇ تۇيغۇلار چوقۇم يول تېپىپ چىقىپ كېتىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، مەن يا ساراڭغا، يا زەھەر چەككۈچىگە، يا قاتىلغا، يا بولمىسا يولدىن چىققان ئەخلاقسىز كىشىگە ئايلىنىپ قېلىشىم مۇمكىن. شۇڭا يېزىش ئارقىلىق ئىچىمگە قاپسىلىپ مېنى قىيناۋاتقان تۇيغۇلىرىمغا يول تېپىپ بېرىمەن. ئۇ تۇيغۇلار ئەنە شۇ يول ئارقىلىق ئىچىمدىن چىقىپ كېتىدۇ. شۇ چاغدىلا ئارام

تاپمەن ھەم نورمال ئادەمگە ئايلىنىمەن. يېزىۋاتقانلىرىمنى كىشىلەر ئوقۇسىمۇ، ئوقۇمىسىمۇ بەربىر ...

سودىگەر بىلەن تېلېفوندا دېيىشىۋاتقان دىيالوگىمىز داۋاملىشىۋاتىدۇ:

— ئەگەر پۇل ئۈچۈن سەنئەت بىلەن شۇغۇللانغان بولسام بۇ چاققىچە بىر ناخشىنى بىر ئاي ياكى بىر يىل يېزىشتەك بۇنداق ئەخمىقانە ئەمگەكنى قىلمىغان بولاتتىم. ھازىر تور بەتلىرىنى ئاختۇرسىڭىز، نېمە تولا، ناخشا - مۇزىكا ... چەت ئەلنىڭ دەمسىز، دۆلەت ئىچىدىكىنى دەمسىز، خەلق ناخشىسى دەمسىز، ئىشقىلىپ ھەممىسى تېپىلىدۇ. شۇلارنىڭ ئىچىدىن بەرىسىنى ئۆزگەرتىپ ياكى بولمىسا «ئۆزلەشتۈرۈپ»، يا بولمىسا تەرجىمە قىلىپ كۆتۈرۈپ چىقاتتىم، يامىنى كەلسە كىشىلەر بىلەلمىگۇدەك ھالدا ئىش قوشۇپ «ئۆزۈم ئىجاد قىلدىم» دەپ بىر - ئىككى يىل ئىچىدە نەچچە ئون پىلاستىنكا چىقىرىپ، نەچچە مەيدان ناخشا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ، ھۆرمەت تېپىپ، «ناخشا شاھى»، «ئەل سۆيگەن، ئەلنى سۆيگەن» دېگەندەك دەبدەبىلىك ناملارغا كۆمۈلۈپ «ئاتاقلىق سەنئەتكار» دېگەن نامنى ئېلىپ يۈرۈۋېرەتتىم. ئەمەلىيەتتە ئەنە ئاشۇنداق ئۇسۇل بىلەن جان بېقىپ كېلىۋاتقان «ئاتاقلىق، مەشھۇر سەنئەتكارلار» ئاز ئەمەس ...

— بۇنى ياخشى بىلىمىز ئەپەندى. ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك دەپتىكەن. سىزنىڭ ئۇنداق نەرسىلەرگە ئېھتىياجىڭىز يوق. سىز دېگەن كىمنىڭ بالىسى؟ قانداق ئائىلىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان؟ بۇنىمۇ بىلىمىز. ئاتىڭىز رەھمەتلىك ناھايىتىمۇ ئۇلۇغ ئادەم ئىدى. ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغان رايونىمىز شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولۇشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان، خەلقنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئۇنتۇلماس ئوبرازى قالغان، بىزنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر رەئىسىمىز ئىدى. بۇرھان شەھىدى ... نېمەدېگەن قالتىس ئادەم ... شۇنداق ئائىلىدىن سىزدەك تالانتلىق، كۆپ قىرلىق، ھەممىدە تەڭ يېتىلگەن ئالىم، پەيلاسوپ، سەنئەتكار يېتىشىپ چىقىشى ھەيران قالارلىق ئەمەس ...

— سىزگە كىم دېدى مېنى بۇرھان شەھىدىنىڭ بالىسى دەپ؟

— ۋاي، بولدى يوشۇرماڭ دەيمەن ... داڭلىق كىشىلەرنىڭغۇ ئۆزىگە تۇشلۇق مەخپىيىتى بولىدۇ، ئەمما ئاتا - بالىلىق مۇناسىۋەتنىمۇ سىر تۇتۇپ بولغىلى بولماس. ھەممە ئادەم بىلىدىغان ئىشقۇ بۇ. مېنىڭ سىزگە «باشلىقلارغا ئېيتىپ، ھەل قىلىپ بەرسىڭىز» دەيدىغان بىرەر قىيىنچىلىقىممۇ يوق ...

— خاتا ئاڭلىۋاپسىز. مەن رەئىس بۇرھان شەھىدىنىڭ ئوغلى ئەمەس، بەلكى يازغۇچى، شائىر ھەم سەنئەتكار بۇرھان ناسىرنىڭ ئوغلى. ئاتام بۇرھان ناسىروف (كۆكلەۋيى) كورلىنىڭ لوپنۇر ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. باينغولىن ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولغان، كېيىن باينغولىن ئوبلاستلىق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدە كومپوزىتور، يازغۇچى، نەي چالغۇچى بولۇپ ئىشلىگەن ...

— ھە مۇنداق دەڭە ... - قارشى تەرەپنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، — سىز راستىنلا رەئىس بۇرھان شەھىدىنىڭ ئوغلى ئەمەسما؟ مەندىن قەستەن يوشۇرۇۋاتامىدىغانسىز - ھە؟ بۇ قانداق ئىش بولۇپ كەتتى ئەمدى؟ مەن تېخى سىزنى ...

— شۇنداق، مەن رەئىسنىڭ ئوغلى ئەمەس، بەلكى بىر سەنئەتكارنىڭ ئوغلى. ئۆزۈم ئۈرۈمچى شەھىرى بېيمىر (ئاق قوۋۇق) باللار دوختۇرخانىسىدا تۇغۇلغان. ئۈرۈمچى شەھىرى مىچۈەن رايونى باياڭخې (تېرەكتى) يېزىسى لوباگو قازاق كەنتىدە نۆل ياشتىن سەككىز ياشقىچە ياشىغان، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا ئائىلىمىز بويىچە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ توقسۇ ناھىيەسى ئۈچقات يېزىسىنىڭ غوجاتۇرۇس كەنتىگە سۈرگۈن قىلىنغان بىر ئائىلىدە چوڭ بولغان بالىمەن ...

— ھە بولدى ... بولدى ... چۈشەندىم ئەپەندىم. مېنىڭ سەل ئالدىراش ئىشىم چىقىپ قالدى، كېيىنچە يەنە كۆرۈشۈپ تۇرارمىز ئەمىسە ...

## ئىككىنچى قىسىم

— «سالون ئىنقىلابى» نەچچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؟ — دېدى بىرسى.

— نەچچە قىسىمغا بۆلۈنسە بۆلۈنمەمدۇ؟ — دېدىم مەن، — ئىشقىلىپ گەپ تۈگىسە قىسىملارمۇ تۈگەيدۇ.

— بۇ «ئىنقىلاب» تۈگىسە، يەنە قايسى «ئىنقىلاب»نىڭ گېپىنى قىلماقچىسىز؟ — دېدى يەنە بىرسى.

— «ئوغرىلىق ئىنقىلابى»، «پۇلغا چوقۇنۇش ئىنقىلابى»، «تېتىقسىزلىق ئىنقىلابى»، «پاھىشىلەر ئىنقىلابى»، «تاماشا كۆرۈش ئىنقىلابى»، «چۈشكۈنلىشىش ئىنقىلابى» ... دېگەندەك «ئىنقىلاب»لار كۆپقۇ؟ شۇلارنى يازارمەن! — دېدىم مەن.

### 1

ئەمدىكى تېلېفون سورىقى بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، زاھىر بورخان ئاكا ياخشىمۇسىز؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئىنىم ... ياخشى، ئۆزىڭىزچۇ؟ مېنىڭ ئىسمىم زاھىر بورخان ئەمەس، زاھىر بۇرھان ...

— ۋاي ... خاپا بولماڭ ئاكا، جىددىيلىشىپ كېتىپ شۇنداق دەپ ساپتىمەن.

— ھېچقىسى يوق ئىنىم، ئىسىم دېگەن بىر ئادەمنىڭ غۇرۇرى. شۇڭا ئۇنى توغرا ئاتاش شۇ ئادەمگە قىلىنغان ھۆرمەتتۇر.

— ماقۇل، ماقۇل ئاكا. ئۆزۈمنى سىزگە قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي، مەن بولسام ئىچكىرى ئۆلكىنىڭ xxx شەھىرىدىكى xxx ئالىي مەكتەپنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتلىق كەسپىدە ئوقۇيمەن. سىز بىلەن تونۇشقىنىمدىن بەك خۇشالمەن.

— مەنمۇ خۇرسەن بولدۇم، چۈنكى ماگىستىر ئاسپىرانت

www.uyghurkitap.com

ئىنىمدىن بىرسى كۆپەيدى ئەمەسمۇ. خوش مېنى ئىزدەپ قاپسىزغۇ؟

— ئاكا، سىزنىڭ ناخشىلىرىڭىزنى بەكلا ياقتۇرۇپ ئاڭلايمەن، مۇنداقچە ئېيتسام، سىزنىڭ چوقۇنغۇچىڭىزنىڭ بىرى.

— رەھمەت، ئىنىم. ئەمما «چوقۇنغۇچى» دېگەن سۆز ئەسلى ئورنىنى تاپقىنى ياخشى. بىزدەك كىشىلەرگە ئۇ سۆزنى ئىشلەتسىڭىز بولمايدۇ. مېنىڭچە سىز ماڭا بولغان ھۆرمىتىڭىزنى «مەن سىزنىڭ ئەگەشكۈچىڭىز» دېسىڭىز توغرا بولار…

— ھە ماقۇل … ماقۇل… ئاكا. سىزگە گەپ قىلماق سەل تەسمۇ نېمە، ھې… ھې…

— ئۇنداقمۇ ئەمەس ئىنىم. سىز دېگەن ماگىستىر ئاسپىرانت. ھەر بىر گېپىڭىز لوگىكىلىق مەنىگە ئىگە بولۇشى كېرەك… خوش ئىنىم، قېنى گېپىڭىزنى دەۋېرىڭ.

— سىزگە تېلېفون ئېلىپ ئەھۋال سورىشىم، سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز ۋە ئىجادىي ئىشلىرىڭىز ھەم باشقا يېڭى پىلانلىرىڭىزنى بىلىپ بېقىش ئىدى. ئۇندىن باشقا يەنە … يەنە …

— قېنى سوراۋېرىڭ ئىنىم، تارتىنماڭ. باياتىن بەزى گەپلىرىڭىزگە تۈزىتىش بېرىپ قويغىنىم سىزنى ئۆزۈمگە يېقىن كۆرگىنىم. قانداق گېپىڭىز بولسا سوراۋېرىڭ، مەن ئۇنچىلىكمۇ قۇسۇرچى ئادەم ئەمەس.

— شۇ ئاكا، ئالىي مەكتەپ دېگەننى سىزمۇ چۈشىنىسىز ھەقچان، بۇ يەردە ھەرخىل، ھەر قىسما گەپلەر بولىدىكەن. بولۇپمۇ داڭلىق سەنئەتكارلىرىمىز ھەققىدىكى گەپ ـ سۆزلەر بەكرەك تارقايدىكەن. سىنىپىمىزدا دائىم مۇشۇ ھەقتە مۇنازىرە بولۇپ قالىدۇ. مەنغۇ جان ـ جەھلىم بىلەن سىلەر تەرەپتە تۇرۇپ، سىلەرنىڭ يامان گېپىڭلارنى قىلغان كىشىلەرگە رەددىيە بېرىپ كېلىۋاتىمەن، لېكىن شۇنداق بولسىمۇ گەپ تاپىدىغانلارنىڭ كۆپلۈكىدىن گاھىدا مەنمۇ يالغۇز كېلىپ قالىدىكەنمەن. باشقا ئارتىسلارنىڭ تېلېفونىنىمۇ تاپقانىدىم، ئۇلارغا تېلېفون قىلىپ گېپىمنىڭ بېشىنى دەپ بولغۇچە «ۋاي بولدى ئۇكام، مەن ھازىر بەك ئالدىراش!» دەپلا تېلېفونۇمنى بېسىۋەتتى. دەيدىغان گېپىمنىمۇ دەپ بولالمىدىم. شۇڭا سىزگە تېلېفون قىلغانىدىم. بەزى ساۋاقداشلىرىم سىزنى بەك ئېسىل ئادەم، كىچىك پېئىل، دەپ ماختىشىپ كەتكەن. شۇڭا سىزدىن بەزى گەپلەرنى سوراي دېگەنتىم ئاكا، ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ قويىدىغان بولدۇم، خاپا بولمىغايسىز.

— ئىنىم بىز دېگەن قېرىنداش. سىلەر بولمىساڭلار بىزنىڭ سەنئەتكار بولۇپ تونۇلۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس. سىلەر دېگەن بىزگە مۇنبەت تۇپراق، بىزگە يىلتىز. سىلەرنىڭ ئۆز سەنئەتكارلىرىڭلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارنى ھەر ۋاقىت نازارەت قىلىپ تۇرۇش ھوقۇقۇڭلار بار. قېنى قانداق گېپىڭىز بولسا ئېيتىۋېرىڭ.

— ئەمىسە ئۇدۇللا دەۋېرەي ئاكا، ئاڭلىساق ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنى قىزىل ئۆڭگەچ راكى بولۇپ قاپتۇ، دەيدۇ. ئابدۇكېرىم ئابلىز ئاكاشىنىمۇ ماشىنا ھادىسىسىدە تۈگەپ كېتىپتۇ دەيدۇ. يەنە مەخمۇت سۇلايمان ئاكامنى يۈرەك كېسلى بىلەن ھازىر جىددىي قۇتقۇزۇشتا دېگەن گەپلەر بار. ئۆمەرجان ئالىمنىمۇ قىمار ئويناپ تۈرمىدە دېيىشىۋاتىدۇ… سىزنىمۇ… سىزنىمۇ خاپا بولماڭ ھە ئاكا، ئاق چېكىدىكەن دەپ ئاڭلىدۇق …

— يەنە نېمىلەرنى ئاڭلىدىڭىز؟

— بولدى دېمەيچۇ… بەك خىجىل بولۇپ قالدىم…

— قېنى، دەۋېرىڭ!

— شۇ … سىزنى قىزلارغا ئامراق، سۆيۈق … دېگەندەك گەپلەرمۇ بار، ئاكا. بۇ گەپلەرنى تۈز كۆڭۈل بىلەن دېدىم جۇمۇ، خاتا چۈشىنىۋالماڭ يەنە.

— يەنە سورايدىغانلىرىڭىز بارمۇ، ئىنىم؟

— سورايدىغانلىرىمغۇ بار ئىدى، لېكىن خىجىل بولۇپ قالدىم …

ئالىي مەكتەپتە، يەنە كېلىپ ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتقان، بىلىم سەۋىيەسى، ئىنسانىي ساپاسى خەلقىمىز ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، دەپ ئاتاشقا لايىق بىر ئىنسىنىڭ بۇ گەپلىرىدىن بېشىم پىقىراپ، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. قايسى ئەسىردە، قانداق جەمئىيەتتە، قانداق ساپا ۋە ئەخلاق قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولغان ئادەملەر توپى ئىچىدە قانداق قىلىپ ھازىرغىچە ياشاپ كەلگىنىمگە ھەيران قالدىم.

— ئاكا … ئاكا … ۋەي ئاكا …

بۇ بالىغا نېمە دەي؟ قانداق چۈشەندۈرەي؟ قايسى گەپنى قانداق مەزمۇندا، قايسى خىل ئۇسۇل بىلەن دېسەم، ئۇ مېنىڭ گېپىمنى چۈشىنىپ ھەم ئۇ گەپلەرگە ئىشىنىپ، ئۇنى چىن يۈرىكىدىن قوبۇل قىلار؟

— ئاكا … ئاكا … ۋەي ئاكا … خاپا بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ بولدى مەن ئۇ گەپلەرنى دېمىگەن بولاي …

— ياق ئىنىم، بۇ گەپلەرنى دېگىنىڭىز ياخشى بولدى. سىز دېمىگەن بولسىڭىز باشقا بىرى ھامان دەيتتى. قاراڭ ئىنىم، نوپۇسى **10** مىليوندىن ئاشىدىغان مىللىتىمىزنىڭ ئىچىدە يۈكسەك تالانتى، ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغان ئېگىلمەس ئىرادىسى، ئۆز كەسپىگە ھەم ئۆز سەنئىتىگە جېنىنى بېرىشتىنمۇ يانمايدىغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىققا ئىگە روھى بار ئۆمەرجان ئالىم، ئابدۇكېرىم ئابلىز، ئابدۇللا ئابدۇرېھىم، مەخمۇت سۇلايماندەك ئەل سۆيگەن سەنئەتكارلىرىمىزدىن نەچچىسى بار، بىلەمسىز؟

— ئاكا خاپا بولۇپ قاپسىز ـ ھە؟ ئەسلىدە سىزنى توغرا چۈشىنىدۇ دەپ ئېيتىپ ساپتىكەنمەن.

— ياق ئىنىم سىز ئاۋۋال گېپىمگە جاۋاب بېرىڭ! قېنى دەڭە، مەن ئىسمىنى تىلغا ئالغان يۇقىرىقى سەنئەتكارلىرىمىز ئىچىدە شۇلاردەك ھۆرمەت تاپقان، خەلقىمىز قەلبىدىكى يۈكسەك ئورنىنى 20 ـ 30 يىللاردىن بېرى ساقلاپ كېلىۋاتقان يەنە باشقا بىرسى بارمۇ؟ !

— يوق ئاكا، يوق !

— ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە ئۆز خاسلىقى بىلەن ئۆزىنىڭ يېگانە ئالىمنى يارىتالىغان، ھەربىر قەلب تۆرىدە يۈكسەك ئورنى بولغان، خەلقنىڭ ھەقىقىي ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ساپ ۋە چىن

سەنئەتكاردىن نەچچىنى ساناپ بېرەلەيسىز؟

— ئاكا بۇ ... بۇ ...

— قېنى ساناپ بېقىڭا!

— ئاكا مەن ... ئاپلا ئۆزۈمگە ئىش تېپىپتىمەن ـ دە! خاپا بولماڭ ئاكا... مەن شۇ...

— ئىنىم سىز ئاۋۋال مېنىڭ گېپىمگە جاۋاب بېرىپ، ساناپ بېقىڭا قېنى؟

— 20 ـ 30 دەك كېلەمىكىن ... ئىشقىلىپ شۇنچىلىك بارغۇ دەيمەن.

— ھە بوپتۇ، 50 دەيلى. ئەنە ئاشۇ 50 سانىنى نوپۇسى 10 مىليوندىن ئاشىدىغان خەلقىمىزنىڭ كىشى بېشىغا توغرىلاپ بېقىڭا، نەچچىدىن توغرا كېلىدىكەن؟

— ...

2

— يېزىۋاتقان «سالون ئىنقىلابى»ڭىزنىڭ ھەممىسىدە قاقشاش، تاپا ـ تەنە قىلىش، باتناش، قېيداش، ئاستىرتتىن باشقىلارغا «تەگكۈزۈۋېلىش» ... يىغىپ ئېيتقاندا ئىچىڭىزگە توشۇپ كەتكەن دەردىڭىزنى چىقىرىۋېلىشتىن باشقا نەرسە يوقكەن، — دېدى بىرسى.

— ئۇ ئۆزىڭىزنىڭ ھېس قىلغانلىرى. سىزنىڭچە قانداق يازسام، ئارزۇيىڭىزدەك بولاتتى؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

— ئادەمنىڭ روھىنى كۆتۈرىدىغان، كىشىگە ئىلھام ئاتا قىلىدىغان، قىزىقارلىق، يۇمۇرلۇق، كىشىنىڭ جىنىغا دەرھال ئەسقاتىدىغان، ھېچ بولمىسا، بىرەر كىشى دۇچ كەلگەن ئوڭايسىزلىقلارغا يول كۆرسىتىپ بەرگۈدەك نەرسىلەرنى يازماسىز دەيمەن، — دېدى ئۇ.

— مېنىڭ ۋەزىيەم سىلەرنى كۇلدۇرۇش ئەمەس، يەنە كېلىپ نېمىلەرنى يازسام كۇلىدىغانلىقىڭلارنىمۇ بىلمەيمەن. ئاجايىپ پەلسەپۋى، كاتتا يازمىلارنى يېزىپ، سىلەرنى بىراقلا ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغىدەك قۇدرەت مەندە يوق. كىشى ئۆز تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن بەزى زىددىيەتلەرنى ئەڭ ياخشىسى ئۆزى ھەل قىلغىنى تۈزۈك. مەن سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم. مېنىڭ دىققەت قىلىدىغان ئىشىم، سەنئەت ھەققىدىكى مەسىلىلەر ۋە شۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلاردۇر. ئۇنىڭدىن باشقىسىنى چۈشەنمەيمەن ھەم قىزىقىپمۇ كەتمەيمەن.

— ئۇنداقتا يازغان نەرسىلىرىڭىزنى سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارلا ئوقۇسا بولغۇدەك، بىزدەك كىشىلەر ئوقۇساق زېرىكىپ قالىدىكەنمىز.

— سىز قانداق يازمىلارنى ياخشى كۆرىسىز؟

— قاراڭ ئەپەندىم، — دېدى ئۇ، — ھازىر كىشىلەرنىڭ ۋاقتى بەك قىس، تۇرمۇش بېسىممۇ ئېغىر، پۇل تېپىش، بالا بېقىش، جان ئېتىش ھەلەكچىلىكىدە ھالسىراپ جېنى ئاز قېلىۋاتقاندا سىز يەنە قاقشاش، دەرد تۆكۈش، ۋايساش، بىھۇدە ئۇھ تارتىش دېگەن مەزمۇندىكى نەرسىلەرنى يازسىڭىز ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك ئىش بولمامدۇ؟ كىشىلەر ئازراق بولسىمۇ ھازىرقى تۇرمۇش بېسىمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تېلېفونغا ياكى تور بەتلەرگە قاراپ كۆڭلى خۇش بولغۇدەك، ئازراق بولسىمۇ ھاردۇقى چىققۇدەك نەرسىلەرنى ئىزدەيدۇ. سىز ئۆيىڭىزدە ئولتۇرۇۋېلىپ ئۇ مانداق دېدىيەي، بۇ ئۇنداق دېدىيەي، مەن مۇنداق دېگەنتىم، ئۇ يەنە بۇنداق دېدىيەي ... دەپ يېزىۋەرسىڭىز، ئۇ گەپلەرگە كىم قىزىقىدۇ؟ كىم ئوقۇيدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق نەرسىلەر بېسىمنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئاران تۇرغان كىشىلەرنىڭ بېسىمىنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىپ بىزارلىق ھېس قىلدۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن.

— ئەمىسە مەن، «توۋا، ئېرى بار تۇرۇپ ...»، «ئاشنىسىنى نەق مەيداندا تۇتۇۋالدى»، «بىر جۈپ قىز ـ يىگىت كوچىدىلا ...»، «تېز بولۇڭ، بەك چوڭ ئىش چىقتى»، «كۈپكۈندۈزدە ... ئاپلا، تېز كۆرۈڭ»، « بۇ تېما ھازىرلا ئۆچۈرۈلىدۇ، خەپ ...» دېگەندەك نەرسىلەرنى يازسام سىزگە بەك يېقىپ كېتىدىغان ئوخشىمامدۇ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭدىن سالۇنلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ.

ئۇ تېرىكىپ:

— ۋاي بولدىلا، نېمە يازسىڭىز يازماسىز! سىزدەك ئادەمگە گەپ قىلغان مۇشۇ ئېغىزىمنى شۇ! ... — دېگەنچە يېنىمدىن كېتىپ قالدى.

ئىچكىرى ئۆلكىدىكى ھېلىقى ماگىستىر ئاسپىرانت بىلەن ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا بولغان دىيالوگنىڭ داۋامى بار ئىدى. بۈگۈن شۇنى يېزىپ، سالونغا يوللاش ئۈيىدا ۋاقىت چىقىرىپ كومپيۇتېر ئالدىغا كەلدىم. بايىقى كىشىنىڭ دېگەنلىرى كەيپىمنى ئازراق ئۆچۈرگان بولسىمۇ لېكىن بۇ رېئاللىق ئىدى. دېمىسىمۇ بۇنداق نەرسىلەرنى ئوقۇشقا كىشىلەرنىڭ ئانچە ۋاقتى يېتىپمۇ كەتمەيتتى. ئەمما مەن يازمىسام بولمايتتى. ئەگەر يېزىشتىن توختاپ قالسام ئىچىمدىكى تۇيغۇلار غوۋغا كۆتۈرۈپ روھىمنى ئارامىدا قويمايتتى. روھىم ئارامىدا بولمىسا ئىچىمدىن تۆگىشىپ كېتىشىم مۇمكىن ئىدى.

«ئەجەبمۇ يارىلىپ قاپتىكەنمەن، — دەيتتىم گاھىدا ئۆزۈمگە، — جىمجىت ياشاپ، تىپتىنچ ئۆلۈپ كەتسەممۇ بولۇۋېرىدىغۇ؟ دۇنيادىن ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ كەتكەنلەر سانسىزغۇ؟ ماڭا يە بىر يەردىن ‹يازمىساڭ قەتئىي بولمايدۇ› دەپ بۇيرۇق كەلمىگەن تۇرسا ... يا مېنىڭ كۇندە مۇشۇنچىلىك يازمىسام بولمايدۇ دەيدىغان ۋەزىپەم بولمىسا؟»

مۇزىكا ئىشلەش ... يەنە مۇزىكا ئىشلەش ... مۇزىكىدا ئىپادىلىيەلمىگەن تۇيغۇلىرىمنى شېئىر يېزىش ئارقىلىق ئىپادىلەش، شېئىر ئارقىلىق ئىپادىلىيەلمىگەنلىرىمنى نەسرى ئەسەر ئارقىلىق ئىپادىلەش ... ۋاي ... ۋۇي ... نېمانداق كۆپ ئىش بۇ؟ ئىچىمدىكى ماڭا ئارام بەرمەيۋاتقىنى نېمىدۇ زادى؟

ئاخشام ھەققانىي ئىسىملىك بىر ئەگەشكۈچىم سالونىنىڭ خەت قالدۇرۇش كۆزنىكىگە تۆۋەندىكى بىر نەچچە قۇر سۆزنى قالدۇرۇپتۇ: «ھاياتىمنىڭ ‹ئۇ نېمە دەپ قالار؟› ... ‹بۇ نېمە دەپ قالار؟› ... ‹خەق قانداق ئويلاپ قالار؟› دېيىلگەن قىسمى

www.uyghurkitap.com

تۇگەپ، ‹خەق نېمە دېسە دەپ قالار! چىدىمىسا ئۆلۈۋالار› دېگەن قىسمىغا ئۆتتۇم ...» مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن «بۇ يۇمۇرمۇ؟» دەپ سوئال تەرىقىسىدە ئۇچۇر يوللىسام ئۇنىڭدىن جاۋاب كەلمىدى.

مەنمۇ بەزىدە «خەق نېمە دەپ قالار؟» دېگەن يەردىن ئۆتۈپ «نېمە بولسا بولار!» دېگەن يەرگە كېلىپ قالغاندەك تۇيغۇدا بولىمەن. گاھى يېزىۋاتقان نەرسىلىرىمنى ئۆزۈم ئوقۇپ بېقىپ بىر قىسمىلا بولۇپ قالىمەن. كاللامدىن كەتمىگەندىمەن ھە دەپ پىسخىكا دوختۇرىنىڭ يېنىغا بېرىپمۇ باقتىم. دوختۇر ماڭا بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن بىرمۇنچە سوئال - سوراقلار بىلەن تولغان نېپىز بىر دەپتەرنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ: «مۇشۇ سوئاللارنىڭ قايسىسى سىزدە بولسا، شۇ سوئالنىڭ تېگىگە بەلگە قويۇپ ئېلىپ كېلىڭ ...» دەپ چىقىرىۋەتتى. ئۆيگە بېرىپ ھەممە سوئاللارنى تەپسىلىي ئوقۇدۇم - دە، مېنىڭدە بار بەزى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان سوئاللارنىڭ تېگىگە بەلگە قويۇپ، دوختۇرنىڭ قېشىغا باردىم. دوختۇر مەن بەلگە قويغان ئالامەتلەرگە زەن سېلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن ماڭا قاراپ بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى ۋە «سىز ساق ئىكەنسىز» دېدى.

مىڭ شۈكرى، كاللامدىن تېخى كەتمەپتىمەن. شۇنداقتىمۇ يەنە خاتىرجەم بولالماي «مۇشۇ يېشىمدا (بۇ يىل 46 ياشقا كىردىم تېخى) مېڭەم يىگىلەش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدىممۇ نېمە؟» دېگەن ئوي بىلەن دەرھال CT ياكى باشقا نەرسىگە چۈشۈپ مېڭەمنى تەكشۈرۈتۈپ باقاي دەپ شۇ بۆلۈمنىڭ دوختۇرىنىڭ يېنىغا كىردىم. ئۇلارنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىمۇ «ساق ئىكەنسىز» دېگەن گەپ بىلەن خۇلاسىلەندى.

مانا، شۇ تاپتىمۇ ئىچىم سىقىلىپ ئولتۇرۇپتىمەن. ئەسلىدە ئىچكىرى ئۆلكىدىكى ھېلىقى ماگىستىر ئاسپىرانت بىلەن ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا بولغان دىيالوگنىڭ داۋامى بار ئىدى. ئۇنى يازايمۇ ياكى يازمايمۇ؟ دېگەن سوئال كاللامدىن كەتمەي بىئارام قىلىپ تۇرماقتا. قانداق قىلاي؟ داۋامىنى يازايمۇ ياكى ...

يازاي ياكى يازماي نېمە پەرقى؟ ئۇ بالىنىڭ گەپلىرىنى بەزىلەر باشقىلارنىڭ ئېغىزىدىنمۇ ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن. بۈگۈن بىر ماگىستىر ئاسپىرانت ئۇ گەپلەرنى ماڭا دېدى. كىم بىلىدۇ، ئەتە - ئۆگۈن بىرەر دوكتور ياكى دوكتور ئاشتىنى بۇنداق گەپلەرنى مەندىن سورىمايدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ بىلىم باشقا گەپ، ئىنساني ساپا باشقا گەپ. بىلىملىك كىشى بولسىلا ساپالىق بولمايدۇ. بىلىمسىزلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ساپاسىز بولۇشى ناتايىن. ئىنساني ساپا ۋە ئەخلاق دېگەن ئىرسىيەت خاراكتېرىدىكى نەرسىلەر. بىر نەچچە ئون ئەۋلاد نەسلى پاك، ئەجدادى ساپ ئۆتكەن ئائىلىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان كىشىلەرنىڭ تەبىئىتى تەبىئىيلا ئىنساني ساپاغا تويۇنغان ھالدا چوڭ بولىدۇ. ئۇلار ۋاقتىنچە ئىقتىسادىي شارائىتتا ۋە بىلىم ئېلىش مۇھىتىغا ئېرىشەلمىسىمۇ ۋۇجۇدى مېھىر - مۇھەببەتلىك، ۋىجدانى غۇرۇرغا ئىگە كېلىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىززىتىنى قانداق ساقلاشنى بىلىشتىن سىرت باشقىلارنىڭمۇ ئىززىتىنى قىلىشنى، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىشنى، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى ھەر زامان ئېسىدە مەھكەم تۇتۇشنى بىلىدۇ. ساپالىق كىشىلەر باشقىلارغا مۇئامىلە قىلغاندا ئالدى بىلەن شۇ كىشىنىڭ ئىنساني قەدىر - قىممىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. ئۇلارنىڭ قەدىر قىممىتىنى ھەرگىزمۇ بايلىق، ئەمەل - مەنسەپ، ئورۇن - مەرتىۋە بىلەن ئۆلچىمەيدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئادەم ئەڭ قەدىرلىكتۇر.

ئاخىر، شۇنداق نىيەتكە كەلدىم: ماڭا تېلېفون ئالغان ماگىستىر ئاسپىرانتنىڭ دېگەنلىرىنى چوقۇم يېزىشىم ھەم ئۇنى ماڭا ئوخشاش غەيۋەتلەرنى تولا ئاڭلاپ كۆڭلى يېرىم بولغان كىشىلەرگە يەتكۈزۈشۈم كېرەك.

3

ماگىستىر ئاسپىرانت ئىنىم تېلېفوننى قويماي يا بىر ئېغىز گەپ قىلماي خېلى ئۇزاق جىمىپ قالدى. مەنمۇ گەپ قىلمىدىم. ئارىمىزدىكى جىمجىتلىقنى ئۇنىڭ:

— چۈشەندىم، ئاكا ... — دېگەن گېپى بۇزدى.

— نېمىنى چۈشەندىڭىز، ئىنىم؟

— ئارىمىزدىن يېتىشىپ چىققان تالانت ئىگىلىرى مەيلى قايسى ساھە ياكى قايسى كەسىپتە بولسۇن، بىزگە پايدىلىق ئىشلارنىلا قىلىدىكەن، ئۇلارنى چوقۇم جان - جەھلىمىز بىلەن قوغدىشىمىز ھەم ئاسرىشىمىز كېرەكلىكىنى چۈشەندىم، — دېدى ئۇ.

— شۇنداق، — دېدىم مەنمۇ جاۋابەن، — 10 مىليون نوپۇس دۇنياغا نىسبەتەن كىچىكلا بىر سان بولغىنى بىلەن بىزدەك مەدەنىيەتلىك مىللەتكە نىسبەتەن تولىمۇ چوڭ سان. بىزدە شۇ تاپ ئەڭ كەم بولۇۋاتقىنى تالانت ئىگىلىرى. ئۇلارنىڭ شەخسىي كەمچىلىكى ئۆزى ئۈچۈن بولسا ئارتۇقچىلىقلىرى مىللەت ۋە ئاۋام ئۈچۈندۇر. ئادەم دېگەن كەمچىلىكتىن خالىي ئەمەس، ئەگەر ئۇنىڭدا كەمچىلىك بولمىسا ئۇ چاغدا ئۇ ئادەم بولماي قالىدۇ. بىر ئادەمنىڭ نوقۇل كەمچىلىكىنى كۆرۈش تۆۋەن دەرىجىدىكى ساپاسىز، ئادەمسىمان مەخلۇقلارنىڭ چاكىنا قىلىقىدۇر ... تارىختا بىز مەدەنىيەت تارقاتقۇچى مىللەت بولغان ئىدۇق. ھازىرمۇ ھەم شۇنداق بولالايمىز. كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولالىشىمىزدا گەپ يوق. گەپ، ئارىمىزدىن چىققان تالانت ئىگىلىرىنى بايقاش، قوللاش ۋە ئۇنى ئاسراشتىن ئىبارەت تەخىرسىز بۇرچىمىزنى تونۇشتۇر.

— ئاكا، — دېدى ئۇ ماگىستىر ئوقۇغۇچى، — ئۇزۇندىن بېرى ئىدىيەمدىن ئۆتمەي كېلىۋاتقان يەنە بىر ئىشنى سورىۋالسام قانداق بولار؟

— قېنى سوراۋېرىڭ ئىنىم.

— ھازىر دۆلىتىمىز قۇدرەت تاپتى. تۇرمۇشىمىزمۇ ياخشى، ماددىي ئېھتىياجىمىزمۇ قانائەتلەندى. ھەممىمىز زامانىۋى

دۇنيانىڭ تۈرلۈك قولايلىقلىرىدىن مەنپەئەتلىنىۋاتىمىز. ئەمما كىشىلەر كۈندىن - كۈنگە شەخسىيەتچى، نەپسانىيەتچى بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ياش قىز - يىگىتلىرىمىزدە مەسئۇلىيەت ئېڭى يوق، ئەخلاق كىرىزىسى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلاشماقتا. ئالىي مەكتەپمۇ ئالىي مەكتەپكە ئوخشىماي قېلىۋاتىدۇ. تىرىشىپ بىلىم ئالىدىغانلار ئازلاپ ئويۇن - تاماشا، كەيپ - ساپاغا بېرىلىدىغانلار كۆپىيىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ روھى ئاجىزلاپ كىچىككىنە ئوڭۇشسىزلىقلارغىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆزىنى تاشلىۋېتىدىغان، ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پاتىدىغان، ھەتتا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدىغان ئىشلارمۇ يۈز بەرمەكتە. ماددىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىياتى كىشىلەرنىڭ روھى كىرىزىسىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتەمدۇ قانداق، دەپ ئويلاپ قالدىم.

— مەن جەمئىيەتشۇناس ئەمەس، ئىنىم، سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم. شۇڭا سىز سورىغان بۇ سوئالغا شۇ ساھەنىڭ ئىلىم ئەھلىلىرى جاۋاب بەرسە توغرا بولاتتى. بوپتۇ، مەندىن سورىغانىكەنسىز، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ بىلگىنىچە جاۋاب بېرىپ باقاي. سىز ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان بۇ مەسىلە بۈگۈنكى كۈندە پەقەت رايونىمىز ۋە مەملىكىتىمىزدىلا ئەمەس، پۈتۈن دۇنيادا ئورتاق يۈز بېرىۋاتقان بىر خىل ئەخلاقىي كىرىزىس. ماددىي قانائەت روھى ئېھتىياجنىڭ نورمىدىن ئارتۇق كۈچىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. خۇددى سىز پۇل تاپقانسېرى پۇل تاپقۇڭىز، بېيىغانسېرى تېخىمۇ چوڭ ئىشلارنى قىلغۇڭىز كەلگەندەك ... ۋە ئاخىر ھەممىسى مېنىڭ بولسا دەپ ئويلىغاندەك ... ھەممىسى سىزنىڭ بولغاندا «ھەممىگە قادىر بولسام بولاتتى!» دەپ ھەددىڭىزدىن ئاشقاندەك ئىشتۇر. ئىنساندىكى بۇ خىل روھى ئاچكۆزلۈك جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ موتورى بولۇش بىلەن بىرگە ئىنسان روھىنىڭ جان تومۇرى بولغان ئەخلاق ۋە ئېتىقادنىڭ قاتىلىدۇر. دۇنيا مانا مۇشۇنداق دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە. يەر شارىدىكى پۈتكۈل جانلىق ئالەمنىڭ بىر قىسمى بولغىنى ئۈچۈن ئۇ كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ قانۇنىيەتلىك ھەم دەۋرىيلىك سىستېما تۈزۈلۈشىنىڭ مەۋجۇتلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، بىر مەسىلە يەنە بىر مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغىنى ئېنىق. بىر جەمئىيەتتە ئىنسانلار تەرىپىدىن ئەخلاق ۋە ئېتىقادنىڭ ئاسىيلىرى دەپ قارىلىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپىيىشى ئېنىقكى يەنە بىر توپ ئەخلاق ۋە ئېتىقاد قوغدىغۇچىلىرىنى تەربىيەلەپ چىقىدۇ ...

— چۈشەندىم، ئاكا ... سالونىڭىزنى بۈگۈندىن كېيىن داۋاملىق كۆرۈپ تۇرىمەن. سىزنى قوللاش يۈزىسىدىن بۇ سالوننى باشقا ساۋاقداشلىرىمغا تەشۋىق قىلىمەن. سىز پۇل تاپسىڭىز بىزگە تېخىمۇ كۆپ نەپ بېرىدىغان ئېسىل تېمىلارنى يازىسىز ئەمەسمۇ؟

— «پۇل تاپسىڭىز» دەيسىزغۇ، ئىنىم؟ مەن قايسى پۇلنى تاپىمەن؟ بۇ گېپىڭىزنى تازا چۈشىنەلمەي قالدىم جۇمۇ ...

— ھە ... مەن دېمەكچى، سىز سالون ئېچىپ پۇل تاپسىڭىز ...

— سالون ئېچىپ پۇل تاپقىلى بولامدىكەن؟ بۇ ئىشنى ئەجەب مەن بىلمەيدىكەنمەنا؟ مەن سالون ئېچىپ پۇل خەجلەۋاتىمەن، ۋاقتىمنى خەجلەۋاتىمەن، زېھنىمنى خەجلەۋاتىمەن، ئەمما بىر پۇڭ پۇل كىرىم قىلىپ باقمىدىم ...

— مەنمۇ شۇ باشقا ساۋاقداشلىرىمدىن ئاڭلىغانىدىم. سالوننىڭ تېگىدە بىر ئېلان بار ئىكەن، شۇ ئېلاننى سالوننى كۆرگەن كىشىلەر چېكىپ قويسا سالون قۇرغان كىشىگە بىر پۇڭ دەمدۇ ياكى بىر موچەن دەمدۇ پۇل كىرەرمىش.

— ھە، مۇنداق دەڭ، ئىنىم ... شۇ كۈنگە قېلىشتىن ياراتقۇچى ساقلىسۇن. مەن ئۆز قېرىنداشلىرىمغا سۈپىتى ۋە كېلىش مەنبەسى ئېنىق بولمىغان شۇنداق ئېلاننى تەشۋىق قىلىپ جان باققىنىمدىن ياشىمىغىنىم تۈزۈك! ...

— رەھمەت ئاكا، سىزدىن خېلى كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالدىم ... تېنىڭىزگە سالامەتلىك، ئىشلىرىڭىزغا ئۇتۇق تىلەيمەن.

— سىزگىمۇ رەھمەت، ئىنىم. ئەمما سالونىمنى تەشۋىق قىلىمەن دەپ ۋاقتىڭىزنى ئىسراپ قىلماڭ. سىزنىڭ ھازىرقى ۋاقتىڭىز ئەڭ قىممەتلىكتۇر. ئۇنى قەدىرلەڭ ھەم ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىلىڭ!

## خاتىمە

«سالون ئىنقىلابى» ھازىرچە تۈگىدى. ئەمدى قايسى «ئىنقىلاب»نىڭ گېپى بولىدىغىنىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئەمما داۋاملىق يازىدىغىنىم ئېنىق. بۈگۈندىن 20 نەچچە يىللار ئىلگىرى تۇيۇقسىز مۇزىكا ئىشلەشكە قىزىقىپ قالغىنىم ئۈچۈن مانا ھازىرغا قەدەر توختىماي ئىشلەۋاتىمەن. شېئىر ۋە باشقا ژانىرلاردىكى ئەسەرلەرنى بۇرۇن ئانچە - مۇنچە يېزىپ قوياتتىم. مانا ئەمدى ئەستايىدىل يېزىپ باقسام بولغىدەك، دېگەن ئويدا يۈرىمەن.

تۈنۈگۈن بىر نەچچە قىز - يىگىتلەر بىلەن بولغان پاراڭدا بىرى ماڭا:

— ئاكا، سىز كۈندە ئىنقىلابىڭىزلا گېپىنى قىلغىلى تۇردىڭىزغۇ؟ — دېدى.

— مەن گېپىنى قىلغان «ئىنقىلاب»نى ئوقۇپ باقتىڭىزمۇ؟ — دېدىم مەن.

— ياق ئاكا، ئوقۇمىدىم. چۈنكى مەن سىياسىي گەپلەرگە ئانچە قىزىقىپ كەتمەيمەن. يېزىۋاتقىنىڭىز بەلكىم تارىختىكى ئىنقىلابلارنىڭ گېپى بولسا كېرەك ...

مەن كۈلۈپ كەتتىم. ئۇمۇ كۈلۈپ كەتتى. ئەمما ئىككىمىزنىڭ كۈلكىسىنىڭ مەنىسى ئوخشىمايتتى.

مۇھەررىر: روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ قاشتاش
ئېلخەت: rozimuhemmet@qashtash.com

# ئەجدادلىرىمىزنىڭ تامغا بېسىش ۋە ئەن سېلىش ئادەتلىرى

● ئابدۇرشىت مۇساجان توغرۇل





تامغا بېسىش ۋە ئەن سېلىش — ئەجدادلاردىن قالغان ئۆز ماللىرىنى باشقىلارنىڭ ماللىرىدىن پەرقلەندۈرۈش، مال ئىگىدارلىق هوقۇقىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولۇپ، تارىختىن بېرى چارۋىچىلىقتا كىچىك چارۋىلارغا ئەن سېلىنغان بولسا، چوڭ چارۋىلارغا تامغا بېسىلغان. چوڭ كارۋانلار مال قاچىلىرىغا تامغا باسقان بولسا، ئۇششاق تىجارەتچىلەر مال قاچىلىرىغا ئەن سالغان. هۇنەرۋەن كاسىپلار ئۆز مەھسۇلاتلىرىغا تامغا بېسىپ، تاۋار ماركىسى ئورنىدا ئىشلەتكەن.

قەدىمكى دەۋرلەردە هەرقايسى قەبىلىلەر ۋە ئۇرۇقلارنىڭ ئۆز ئالدىغا بەلگىلىرى بار بولۇپ، بۇ بەلگە شۇ قەبىلىنىڭ سىمۋوللۇق نىشانى بولۇش بىلەن بىرگە، چارۋا - ماللارغا ۋە باشقا تاۋارلارغا بېسىش، چېگرا بەلگىسى قىلىنغان قوزۇق ياكى تاشلارغا ئويۇش ياكى سىزىپ قويۇش ئارقىلىق قايسى قەبىلىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. هەم تامغا شەكلى ۋە بەلگە ئۇرۇقلار بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن.

پارس تارىخچىسى راشىددىن پەزلۇللاھ (مىلادى 1247 - 1318 - يىللار) يازغان «جامىئول تاۋارىخ» ناملىق ئەسەرنىڭ 1 - جىلد، 1 - قىسمىدا ئوغۇزخاننىڭ پەرزەنتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق يازغان:

ئوغۇزنىڭ ئالتە ئوغلىنىڭ پۇشتلىرىنىڭ ئىسمىلىكى

ئوغۇزنىڭ ئالتە ئوغلى (بۇنىڭ ئۈچى بۇزۇق (bū zū q)، ئۈچى ئاۋچۇق (aū ū q) دەپ ئاتالغان)نىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىسمى، هەم ئاريانچى جەنتى ئاقىل خوجىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئۇلار ئۆزلىرى ئېرىشكەن تامغا (بەلگە)، ئاۋنقۇن[1] قىلغان هايۋان ۋە ئەت ئورنى[2] ئوڭ قانات بۇزۇقنىڭ قەبىلەسى، ئۈچ چوڭ ئوغۇلنىڭ ئوغۇللىرى، ئۇلارنىڭ هەر بىرىنىڭ تۆتتىن ئوغلى بولۇپ، (جەمئىي) 12 كىشى؛

چوڭ ئوغلى كۈنخاننىڭ تۆت ئوغلى:

چوڭ ئوغلى — قايى (qā yī) ، يەنى قاۋۇل؛ (ئۇرۇق) تامغىسى ꟾƐꟾ ؛ ئاۋنقۇن — ئاق قورغۇي؛ ئەت ئورنى - ئوڭ تاغاق سۆڭەك.

ئىككىنچى ئوغلى — بايات (bā yā t) ، يەنى مېھرىبان؛ (ئۇرۇق) تامغىسى φ ؛ ئاۋنقۇن - ئاق قورغۇي؛ ئەت ئورنى - ئوڭ تاغاق سۆڭەك.

ئۈچىنچى ئوغلى — ئالقارا يۇلى (alq(a)rā ū lī)، يەنى قارشى ئېلىنغۇچى؛ (ئۇرۇق) تامغىسى ᴎ ، ئاۋنقۇن - ئاق قورغۇي، ئەت ئورنى - ئوڭ تاغاق سۆڭەك.

تۆتىنچى ئوغلى — قارا ياۋلى (q(a)rā yaū lī)، يەنى قارا يوپۇق؛ (ئۇرۇق) تامغىسى ж ، ئاۋنقۇن - ئاق قورغۇي، ئەت ئورنى - ئوڭ تاغاق سۆڭەك.

(ئوغۇزخاننىڭ) ئىككىنچى ئوغلى ئايخاننىڭ ئوغلى تۆت، ئۇلار:

چوڭ ئوغلى — يازىر (yā zr) ، يەنى كۆپ تەرەپنى قايىل قىلغۇچى؛ (ئۇرۇق) تامغىسى ✕ ، ئاۋنقۇن - تازقارا؛ ئەت ئورنى - ئوڭ تاغاق سۆڭەك (يوتا؟).

ئىككىنچى ئوغلى — دۇكار (dū k(a)r)، يەنى «توپلىشش ئۈچۈن»؛ (ئۇرۇق) تامغىسى ✕ ، ئاۋنقۇن - .تازقارا؛ ئەت ئورنى - ئوڭ تاغاق سۆڭەك (پاچاق؟).

ئۈچىنچى ئوغلى — دۇردارگا (dū rdar ā)، يەنى دۆلەتنى تۇتۇپ قانۇن تۇرغۇزغۇچى، (ئۇرۇق) تامغىسى ꭓ؛ ئاۋنقۇن — تازقارا؛ ئەت ئورنى — ئوڭ تاغاق سۆڭەك (پاچاق؟).

تۆتىنچى ئوغلى — ياپارلى (yā parlī) … (يازمىلاردا بۇ سۆزنىڭ مەنىسى يوق) (ئۇرۇق) تامغىسى ꟸ؛ ئاۋنقۇن — تازقارا؛ ئەت ئورنى — ئوڭ تاغاق سۆڭەك (پاچاق؟).

(ئوغۇزخاننىڭ) ئۈچىنچى ئوغلى يۇلتۇزخاننىڭ ئوغلى تۆت، ئۇلار:

چوڭ ئوغلى — ئاۋشىر (aū š(i)r)، يەنى ماھىر كىشى، قۇش بىلەن ئوۋ ئوۋلاشنى ياخشى كۆرگۈچى؛ (ئۇرۇق) تامغىسى ×؛ ئاۋنقۇن — تاۋسانجىل؛ ئەت ئورنى — ئوڭ بىقىن.

ئىككىنچى ئوغلى — قىزىق (qī zī q)، يەنى روھى قەيسەر، قانۇنغا كۆڭۈل بۆلگۈچى؛ (ئۇرۇق) تامغىسى ×؛ ئاۋنقۇن — تاۋسانجىل؛ ئەت ئورنى — ئوڭ (بىقىن).

ئۈچىنچى ئوغلى — بىك دىلى (bī k dilī)، يەنى چوڭ زاتلارنىڭ سۆزىدەك ھۆرمەتكە ئېرىشكەي؛ (ئۇرۇق) تامغىسى ∧؛ ئاۋنقۇن — تاۋسانجىل؛ ئەت ئورنى — ئوڭ بىقىن (؟).

تۆتىنچى ئوغلى — قارچىن (qā rqī n)، يەنى ئۇ ئۇلۇغ زات ۋە كىشىلەرنى تويغۇزغۇچى بولغاي؛ (ئۇرۇق) تامغىسى ⅂؛ ئاۋنقۇن — تاۋسانجىل؛ ئەت ئورنى — ئوڭ بىقىن (؟).

سول قانات ئاۋجۇقنىڭ قەبىلىسگە مەنسۇپ ئۈچ كىچىك ئوغۇلنىڭ پۇشتى؛ ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ تۆتتىن ئوغلى بار، (جەمئىي) 12 كىشى.

(ئوغۇزخاننىڭ) تۆتىنچى ئوغلى كۆكخاننىڭ ئوغۇللىرى:

چوڭ ئوغلى — باياندۇر (bā ī (a)ndur)، يەنى بۇ رايون ھەممىشە باياشات بولغاي؛ (ئۇرۇق) تامغىسى ꟸ؛ ئاۋنقۇن — لاچىن؛ ئەت ئورنى — سول بىقىن.

ئىككىنچى ئوغلى — بەچەنەك (bī (i)neh)، يەنى سەپىرى ئاسايىشلىق بولغاي؛ (ئۇرۇق) تامغىسى ꟸ؛ ئاۋنقۇن — لاچىن؛ ئەت ئورنى — سول بىقىن.

ئۈچىنچى ئوغلى — چۇۋۇلدۇر (jā ū ldū r)، يەنى ئابرۇيى يىراقلارغا تارىغان دۇرۇس كىشى؛ (ئۇرۇق) تامغىسى ꟸ؛ ئاۋنقۇن — لاچىن؛ ئەت ئورنى — سول بىقىن.

تۆتىنچى ئوغلى — چەبنى (ī bnī)، يەنى مەيلى قەيەردە بولمىسۇن، دۈشمىنىنى كۆرگەن ھامان جەڭ قىلغۇچى؛ (ئۇرۇق) تامغىسى ꓕ؛ ئاۋنقۇن — لاچىن؛ ئەت ئورنى — سول بىقىن.

(ئوغۇزخاننىڭ) 5 — ئوغلى تاغخاننىڭ ئوغلى تۆت، ئۇلار:

چوڭ ئوغلى — سالۇر (sā lū r)، يەنى ھەممە يەردە شەھەر، قىلىچ ئويناتقۇچى؛ (ئۇرۇق) تامغىسى ꟸ؛ ئاۋنقۇن — ئۆچكە (؟)؛ ئەت ئورنى — دۇمبە (؟).

ئىككىنچى ئوغلى — يىمۇر (yī mū r)، يەنى ئۇ چەكسىز ئاق كۆڭۈل ۋە باياشاد بولغاي؛ (ئۇرۇق) تامغىسى ꟸ؛ ئاۋنقۇن — ئۆچكە (؟)؛ ئەت ئورنى — دۇمبە (؟).

ئۈچىنچى ئوغلى — ئالايۇنتكى (alāī ū ntkī)، يەنى ئۇنىڭ چارۋىلىرى ئاۋۇغاي؛ (ئۇرۇق) تامغىسى ꟸ؛ ئاۋنقۇن — ئۆچكە (؟)؛ ئەت ئورنى — دۇمبە (؟).

تۆتىنچى ئوغلى — ئاۋۇركىز (aū rkī z)، يەنى ئۇنىڭ سەپىرى مەڭگۈ ئاسايىشلىق بولغاي؛ (ئۇرۇق) تامغىسى ꟸ؛ ئاۋنقۇن — ئۆچكە (؟)؛ ئەت ئورنى — دۇمبە (؟).

(ئوغۇزخاننىڭ) ئالتىنچى ئوغلى دېڭىزخاننىڭ ئوغلى تۆت، ئۇلار:

چوڭ ئوغلى — بىگدىر (bī kdī r)، يەنى ئەلا، ئۇلۇغ، شەرەپلىك؛ (ئۇرۇق) تامغىسى ꟸ؛ ئاۋنقۇن — كۆك قۇرغۇي؛ ئەت ئورنى — يوتا (؟).

ئىككىنچى ئوغلى — بۇگدۇز (bū kdū z)، يەنى ئۇ كۆپچىلىك ئۈچۈن خىزمەت قىلغاي؛ (ئۇرۇق) تامغىسى ꟸ؛ ئاۋنقۇن — كۆك قۇرغۇي؛ ئەت ئورنى — يوتا (؟).

ئۈچىنچى ئوغلى — يىۋا (yī weh)، يەنى ئۇنىڭ مەرتىۋىسى ئۈستۈن بولغاي؛ (ئۇرۇق) تامغىسى ꟸ؛ ئاۋنقۇن — كۆك قۇرغۇي؛ ئەت ئورنى — يوتا (؟).

تۆتىنچى ئوغلى — قىنىق (qī nī q)، يەنى ھەممە يەردە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغۇچى؛ (ئۇرۇق) تامغىسى ↑؛ ئاۋنقۇن — كۆك قۇرغۇي؛ ئەت ئورنى — يوتا (؟).

مەھمۇد كاشغەرى ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نامىلىق ئەسىرىدە «ئوغۇز» سۆزىگە تەبىر بېرىپ مۇنداق يازغان:

ئوغۇز. تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى. ئوغۇزلار تۈركمەنلەردۇر. ئۇلار 22 ئۇرۇق بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئايرىم بەلگىسى ۋە ماللىرىغا باسىدىغان تامغىسى بار. ئۇلار بىر — بىرىنىڭ مېلىنى شۇ تامغىغا قاراپ تونۇيدۇ.

بىرىنچىسى ۋە يېتەكچىسى: قىنىق. زامانىمىزنىڭ سۇلتانلىرى شۇلاردىندۇر. ماللىرىنىڭ تامغىسى: ꟸ

ئىككىنچىسى: قايىغ. ئۇلارنىڭ تامغىسى: ꟸ

ئۈچىنچىسى: بايۇندۇر. ئۇلارنىڭ تامغىسى: ꟸ

تۆتىنچىسى: ئىۋا. ئۇلار «يىۋا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تامغىسى: ꟸ

بەشىنچىسى: سالغۇر. ئۇلارنىڭ تامغىسى: ꟸ

ئالتىنچىسى: ئافشار. ئۇلارنىڭ تامغىسى: ꟸ

يەتتىنچىسى: بەكتىلى. ئۇلارنىڭ تامغىسى: ꟸ

سەككىزىنچىسى: بۇگدۇز. ئۇلارنىڭ تامغىسى: ꟸ

توققۇزىنچىسى: بايات. ئۇلارنىڭ تامغىسى: ꟸ

ئونىنچىسى: يازغىر. ئۇلارنىڭ تامغىسى: ꟸ

www.uyghurkitap.com

ئون بىرىنچىسى: ئەيمۇر. ئۇلارنىڭ تامغىسى:

ئون ئىككىنچىسى: قارا بۆلۈك. ئۇلارنىڭ تامغىسى:

ئون ئۈچىنچىسى: ئالقا بۆلۈك. ئۇلارنىڭ تامغىسى:

ئون تۆتىنچىسى: ئىگدىر. ئۇلارنىڭ تامغىسى:

ئون بەشىنچىسى: ئۈرەگىر. ئۇلارنىڭ تامغىسى:

ئون ئالتىنچىسى: تۇتىرقا. ئۇلارنىڭ تامغىسى:

ئون يەتتىنچىسى: ئۇلايۇندلۇغ. ئۇلارنىڭ تامغىسى:

ئون سەككىزىنچىسى: تۈگەر. ئۇلارنىڭ تامغىسى:

ئون توققۇزىنچىسى: پەچەنەك. ئۇلارنىڭ تامغىسى:

يىگىرمىنچىسى: چۇۋۇلدار. ئۇلارنىڭ تامغىسى:

يىگىرمە بىرىنچىسى: چەبنى. ئۇلارنىڭ تامغىسى:

يىگىرمە ئىككىنچىسى: چارۇقلۇغ. ئۇلارنىڭ سانى ئاز، تامغىسى نامەلۇم.

مەھمۇد ئېيتىدۇكى، كىشلەر بۇ قەبىلىنىڭ ئۇرۇقلىرىنى بىلىشكە موھتاج بولغاچقا، مەن ئۇلارنى بىرمۇ بىر يېزىپ چىقتىم. بۇ تامغىلار ئۇلارنىڭ ئات ـ ئۇلاغ ۋە ماللىرىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئارىلىشىپ كەتسە، شۇ بەلگىگە قاراپ تونۇۋالىدۇ.

دېمەك، ئەجدادلىرىمىز تارىختىن بېرى مەلۇم بەلگىنى ئۆز قوۋمى ياكى ئۇرۇقىنىڭ بەلگە ـ نىشانى قىلىپ، ماللىرى ۋە چارۋىلىرىغا شۇ بەلگىنى تامغا قىلىپ بېسىپ، باشقىلارنىڭ مال ۋە چارۋىلىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ كەلگەن. لېكىن ئۇلار قوللانغان بەلگە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى، ئۇرۇقلارنىڭ كۆپىيىشى، قەبىلە ئاق ساقىلى ۋە ئۇرۇق ئاقساقاللىرىنىڭ ئالمىشىشى قاتارلىق تۈرلۈك ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزۈكسىز ئۆزگىرىپ بارغان ۋە يېڭىلىنىپ تۇرغان. شۇڭا ئوغۇزخان دەۋرىدىكى ئۇرۇق ئاقساقاللىرىنىڭ ئىسمى كېيىنكى دەۋردە قەبىلە ئىسمىغا ئايلىنىپ، ئايرىم قەبىلە بولۇپ شەكىللەنگەن، شۇنىڭدەك شۇ دەۋرلەردە ئىشلىتىلگەن بەلگە ئۆزگىرىپ كەتكەن. بۇ نۇقتىنى «جامىئۇل تاۋارىخ»تىكى ئوغۇزخان ئەۋلادلىرىنىڭ ئۇرۇقلىرى قوللانغان بەلگە بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ بەلگىلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

ئىسلامىيەتتىن كېيىن، تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئاھالىلەر ئارىسىدا قەبىلە ئايرىمچىلىقى تەدرىجىي تۈگىگەندىن كېيىن، تامغا ــ مەلۇم بىر جەمەت ياكى ئائىلىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان. بەلگە ئاساسلىقى ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى يول بەلگىلىرى، بۇ قەدىمىي تىلىمىزدا ۋە خوتەن شىۋىسىدە «ئىل» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىرى ماللارغا (مەيلى جانلىق ياكى جانسىز نەرسىلەر بولسۇن) سېلىنىدىغان بەلگە، بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئەن» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەن يەنە ئىككى خىل بولۇپ، بىرى تامغا. يەنە بىرى كۆيدۈرۈش، سىزىش قاتارلىق ئۇسسۇللار بىلەن چۈشۈرۈلگەن بەلگە.

چارۋىچىلىقتا چوڭ چارۋىلارنىڭ كاسىسى ياكى يوتىسىغا، قوي، ئۆچكىگە ئوخشاش كىچىك چارۋىلارنىڭ قۇلىقىغا ئۆز جەمەتىنىڭ تامغىسىنى بېسىپ، باشقىلارنىڭ چارۋىسىدىن پەرقلەندۈرۈش ياكى ئۆز ئىگىدارچىلىقىدىكى چارۋا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش. بۇ خىل تامغا تۆمۈردىن ياسىلىپ، تامغىنى قىزدۇرۇپ، چارۋىلارنىڭ تېنىنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق بېسىلىدۇ.

چوڭ چارۋىلارنىڭ ئەن ـ تامغىسى يايلاققا قويۇپ بېرىپ بېقىلىدىغان تۆگە، ئات، قوتاز، كالا قاتارلىقلارغا بېسىلىدۇ. ئوخشاش ئەن شەكلىنى چارۋىلارنىڭ كاسىسىغا، يوتىسىغا، ئالدى پۇت غولىغا بېسىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى چارۋىلاردىن پەرقلەندۈرىدۇ. يېقىنقى دەۋرگىچە ساقلىنىپ كەلگەن تامغا بەلگىلىرى ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك:

1) تاغاق ئەن: بۇ ئېغىز تىلىدا «تاغىقەن» دېيىلىدۇ. شەكلى «Ш» بولىدۇ. بۇ ئەننى ئۆستىگە، ئاستىغا، ئوڭغا، سولغا قارىتىپ بېسىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى چارۋىلاردىن پەرقلەندۈرىدۇ.

2) ئاي ئەن: بۇ ئېغىز تىلىدا «ئايەن» دېيىلىدۇ. شەكلى «Э» بولىدۇ. بۇ ئەننى ئۆستىگە، ئاستىغا، ئوڭغا، سولغا قارىتىپ بېسىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى چارۋىلاردىن پەرقلەندۈرىدۇ.

3) كەلكۈن ئەن: بۇ ئېغىز تىلىدا «كەلكۈنەن» ياكى «كەلكەن» دېيىلىدۇ. بۇ «≈» شەكلى تۈز ياكى تىك بېسىلىدۇ.

4) ئارا ئەن: بۇ ئېغىز تىلىدا «ئارەن» دېيىلىدۇ. شەكلى «Ψ» بولىدۇ. بۇ ئەننى ئۆستىگە، ئاستىغا، ئوڭغا، سولغا قارىتىپ بېسىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى چارۋىلاردىن پەرقلەندۈرىدۇ.

5) زەر ئەن: بۇ ئېغىز تىلىدا «زەرەن» دېيىلىدۇ. شەكلى «Σ» بولىدۇ. بۇ ئەننى ئۆستىگە، ئاستىغا، ئوڭغا، سولغا قارىتىپ بېسىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى چارۋىلاردىن پەرقلەندۈرىدۇ.

6) چېكىت ئەن: بۇ ئېغىز تىلىدا «چەكمەن» (چەكمە ئەن) دېيىلىدۇ. بۇ ئۈچ چېكىتنى ئۆستىگە، ئاستىغا، ئوڭغا، سولغا قارىتىپ بېسىش، تۆت چېكىتنى قاتار بېسىش ۋە ئاستىغا ئىككىنى، ئۆستىگە ئىككىنى بېسىش، بەش چېكىتنى بىرنى ئوتتۇرىسىغا، قالغان تۆتىنى چۆرىسىگە بېسىش قاتارلىق شەكىللەردە كۆرۈلىدۇ.

7) تاغ ئەن: بۇ ئېغىز تىلىدا «تاغەن» دېيىلىدۇ. بۇ تاغ

شەكلىنى ئۈستىگە، ئاستىغا، ئوڭغا، سولغا قارىتىپ بېسىلىدۇ.

8) قوش ئەن: بۇ ئېغىز تىلدا «قوشەن» دېيىلىدۇ. بۇ «Π» شەكلىنى ئۈستىگە، ئاستىغا، ئوڭغا، سولغا قارىتىپ بېسىلىدۇ.

9) كەسمە ئەن: بۇ ئېغىز تىلدا «كەسمەن» دېيىلىدۇ. بۇ «Φ» شەكلىنى كۆرسىتىدۇ.

10) سىزىق ئەن: بۇ ئېغىز تىلدا «سىزقەن» ياكى «سىزەن» دېيىلىدۇ. ئىككىدىن بەشكىچە تۈز سىزىقنى ئاستى - ئۈستى ياكى تىك قاتارلاشتۇرۇپ بېسىش شەكلىنى كۆرسىتىدۇ.

11) سەر ئەن: بۇ ئېغىز تىلدا «سەرەن» دېيىلىدۇ. بۇ «T» شەكلىنى ئۈستىگە، ئاستىغا، ئوڭغا، سولغا قارىتىپ بېسىلىدۇ.

12) بېلىق ئەن: بۇ ئېغىز تىلدا «بېلقەن» دېيىلىدۇ. بۇ بېلىق شەكلىنى ئۈستىگە، ئاستىغا، ئوڭغا، سولغا قارىتىپ بېسىلىدۇ.

يۇقىرىقى بەلگىلەردىن چوڭ چارۋىلارغا بېسىلىدىغان تامغا ياسالسا، تامغا نىسبەتەن چوڭ، يىراقتىن قاراپلا پەرقلەندۈرگىلى بولىدىغان قىلىپ ياسىلىدۇ. ئادەتتە چوڭ - كىچىكلىكى ئادەمنىڭ ئالقىنىدەك بولىدۇ. قوي، ئۆچكىلەرنىڭ قۇلىقىغا بېسىشقا تامغا ياسالسا، كىچىك بولىدۇ، قۇلاقنىڭ تۆتتىن بىرىگە كەلگۈدەك بولىدۇ. يېقىندىن قارىمىسا بەلگىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ.

كوپېراتسىيە دەۋرىدە بۇ خىل تامغىلار رايون، كەنت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، شۇ رايون، شۇ كەنتنىڭ «نىنچى» سانى ئاساسى بەلگە قىلىنغان. يەنى: 3 - رايونغا 3؛ 5 - رايونغا 5؛ 8 - رايونغا 8؛ 10 - كەنتكە 10؛ 15 - كەنتكە 15 ... دېگەندەك. كوپېراتسىيە دەۋرىدىن كېيىن، ماللارغا بۇنداق تامغا بېسىش ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، يەر، چارۋىلار شەخسلەرگە ھۆددە بېرىلگەندە «كەسپى چارۋىچى» بولۇپ، كوپېراتسىيىنىڭ تۆگىلىرىنى ھۆددە ئالغانلار ھېلىمۇ كوپېراتسىيە دەۋرىدىكى شۇ رەقەمنى ئۆز تامغىسى قىلىپ، تۆگىلىرىگە بېسىپ كېلىۋاتىدۇ. پەقەت تۇمۇرچى، مىسكەرلەرنىڭ ئاز بىر قىسمى ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان تامغا شەكلىنى ئىشلىتىپ كېلىۋاتىدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن كېيىن، پىچاق سوقىدىغان داڭدار ئۇستىلار پىچاق بىسى ياكى سېپىغا ئۆز ئىسمىنى ئويۇپ چىقىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا باشلىغان بولسا، ھازىرغا كەلگەندە ئۆز يۇرتىنىڭ نامىنى تاۋار ماركىسى قىلىپ ئويۇش شەكلىمۇ بارلىققا كەلدى.

ئەن سېلىش - ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، باشقىلارنىڭ ماللىرى بىلەن بىرگە باشقا جايغا يۆتكەيدىغان ماللارغا ئۆز ئەگىسى خالىغان بەلگىنى سىزىپ قويۇپ پەرقلەندۈرۈش. ھازىرقى دەۋردە بۇ خىل ئۇسۇل ئاندا - ساندا كۆرۈلىدۇ، ئۆز ئىسمىنى يېزىپ قويۇش كۆپرەك. يەنە بىرى قوي - ئۆچكىلەرنىڭ يۇڭى تېز ئۆسكەچكە، بەدىنىگە تامغا بېسىش ئەھمىيەتسىز، بۇرۇنقى دەۋرلەردە قۇلىقىغا تامغا باسىدىغان ئىشلار بار ئىدى. لېكىن تامغا بېسىش ئاۋارىچىلىقى كۆپ ئىش بولغاچقا، قوي - ئۆچكىلەرگە ئەن سېلىش بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان. بۇ قوي - ئۆچكىلەرنىڭ قۇلىقىنى ھەر خىل شەكىلدە كېسىپ بەلگە سېلىشنى كۆرسىتىدۇ. خوتەن رايونىدا كۆپ ئۇچرايدىغان ئەن شەكلى تۆۋەندىكىچە:

1. كەسمە ئەن: بۇ ئېغىز تىلدا «كەسمەن» دېيىلىدۇ. بۇ قوي - ئۆچكىلەرنىڭ قۇلىقىنىڭ ئۇچىنى توغرىسىغا كېسىپ سېلىنىدۇ. كېسىش ھالىتى تۈز، ئالدى قىيپاش (ئالدى تەرىپىنى ئاساس قىلىپ، ئۈستىدىن ئاستىغا قىيپاش كېسىش شەكلى)، ئارقا قىيپاش (كەينى تەرىپىنى ئاساس قىلىپ، ئۈستىدىن ئاستىغا قىيپاش كېسىش شەكلى) ئۈچ خىل بولۇپ، ئوڭ قۇلاق ۋە سول قۇلاق بولۇپ، ئالتە خىل تۈرلىنىدۇ.

2. ئويما ئەن: بۇ ئېغىز تىلدا «ئويمەن» دېيىلىدۇ. بۇ قۇلاقنىڭ يان تەرىپىنى ئويما قىلىپ كېسىپ سېلىنىدۇ. كېسىش ھالىتى يۇملاق (ھىلال ئاي شەكىللىك) ۋە بۇرجەك (ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىك) بولۇپ، ئوڭ قۇلاق ئالدى، كەينى، سول قۇلاق ئالدى، كەينى بولۇپ، سەككىز خىل تۈرلىنىدۇ.

3. گىزەن: بۇ قۇلاقنىڭ ئۇچىدىن ئۈستىگە قارىتىپ ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىك كېسىپ سېلىنىدۇ. بۇ خىل ئەن ئوڭ قۇلاق ۋە سول قۇلاق بولۇپ ئىككى خىل تۈرلىنىدۇ.

4. ياسۇرۇق: بۇ قۇلاقنىڭ ئۇچىنى قىيپاشلاپ كېسىۋېتىپ سېلىنىدۇ. كەسمە ئەنىنىڭ قىيپاش كەسمە شەكلىگە قارىغاندا قىيپاشلىق دەرىجىسى يۇقىرى، كېسىلىش ئورنى ئۇزۇن بولىدۇ. بۇ ئوڭ قۇلاق ئالدى، كەينى، سول قۇلاق ئالدى، كەينى بولۇپ، تۆت خىل تۈرلىنىدۇ.

5. تىلما ئەن: بۇ ئېغىز تىلدا «تىلمەن» دېيىلىدۇ. قۇلاقنى بىر - ئىككى سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا تىلىپ سېلىنىدۇ. بۇ قۇلاقنىڭ ئۇچىنى ئۈستىگە قارىتىپ تىلىش، يان تەرەپلىرىنى توغرىسىغا تىلىش ۋە يان تەرەپلىرىنى ئاستىغا قىيپاش، ئۈستىگە قىيپاش تىلىش شەكىللىرىدە سېلىنىدۇ. ئوڭ قۇلاق ۋە سول قۇلاق بولۇپ 10 خىل تۈرلىنىدۇ.

6. غىنجىرەن: بۇ ئويما ئەنىنى قۇلاقنىڭ ئالدى - كەينى ئىككىلا تەرىپىگە سېلىش شەكلى بولۇپ، ئىككى ئويمىنى يۇملاق، بۇرجەك شەكىلدە ئوخشاش ئويۇش، ئالدى يۇملاق كەينى بۇرجەك؛ ئالدى بۇرجەك كەينى يۇمىلاق شەكىلدە ئويۇش، ئوڭ قۇلاق ۋە سول قۇلاق بولۇپ، سەككىز خىل تۈرلىنىدۇ.

7. تەشمە ئەن: بۇ ئېغىز تىلدا «تەشمەن» دېيىلىدۇ. ئۇ

قۇلاقنىڭ ئاستى قىسمىنى يۇملاق (دۈگىلەك) ۋە ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىك تېشىپ سىلىنىدۇ. ئوڭ ۋە سول قۇلاق بولۇپ، تۆت خىل تۈرلىنىدۇ.

يۇقىرىقى يەتتە خىل ئەن شەكلى 42 خىل تۈرلىنىپ، 42 جەمەت ياكى ئۇرۇقنىڭ ئىشلىتىشىگە يېتىدۇ. يۇقىرىقى ئەن سېلىش ئادىتى ۋە ئەن شەكىللىرى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ دەريا بويى يېزىسىدا بىرقەدەر مۇكەممەل ساقلىنىپ كەلمەكتە.

بۈگۈنكى كۈندە باشقا رايونلاردا رەڭ بىلەن بوياش ئارقىلىق ئەن سېلىش ئۇسۇلى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئاساسلىقى قىزىل، يېشىل، سېرىق رەڭلەر ئىشلىتىلىدۇ. بۇ رەڭلەر بىلەن قوي – ئۆچكىلەرنىڭ چوققىسىنى بوياش، بويىنىنى بوياش، غولىنى بوياش، دۈمبىسىنى بوياش شەكىللىرى بىلەن 12 خىل تۈرلىنىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ تۈرى ئاز، ئەن مەڭگۈلۈك بولمايدۇ، ھەر قېتىم قىرقىغاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم بوياشقا توغرا كېلىدۇ.

## تامغا ئىشلىتىش ئادەتلىرى

تامغا — قەدىمي دەۋرلەردىن ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن تۈرلۈك ئەنلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن شەخسلەرنىڭ نام – نىشانىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە سېلىش قورالى بولۇپ، بۇرۇنقى دەۋرلەردە تامغىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولغان. تامغا ئىشلىتىش ئەڭ دەسلەپ خانلارنىڭ مۆھۈر ئىشلىتىشىدىن باشلانغان بولۇپ، ئىپتىدائىي دەۋرلەردە خانلار ئۆز قەبىلىسىنىڭ بەلگىسىنى تامغا نۇسخىسى قىلىپ ئىشلەتكەن بولسا، يېزىق پەيدا بولغاندىن كېيىن دۆلەت نامى ۋە خاننىڭ ئاتىقىنى تامغا قىلىپ ئويۇپ ئىشلىتىشكە تەرەققى قىلىپ، بۇ «مۆھۈر» دەپ ئاتالغان. كېيىنكى دەۋرلەردە ۋەزىر – ۋۇزرالار ۋە قەبىلە ئاق ساقاللىرىمۇ ھۆھۈر ئىشلىتىش بارلىققا كېلىپ، مۆھۈر دەرىجىگە ئايرىلغان. يەنى، دۆلەتنىڭ نام – شەرىپى ئويۇلغان ئايرىم بىر مۆھۈر – دۆلەت مۆھۈرى بولۇپ، پادىشاھلىق ئىشلىرىدىكى ئەمىر – پەرمانلار ۋە دۆلەتنىڭ ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا ئىشلىتىلگەن. خانلىق مۆھۈرى يەنە شۇ دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت بەلگىسى بولۇپ، تەختكە ۋارىسلىق قىلغۇچىغا مىراس قېلىش دۆلەت قانۇنىغا كىرگۈزۈلگەن. مەسىلەن: بۇددا دىنى دەۋرىدە ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ مۆھۈرىگە «ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى مەغپۇرى» دېگەن خەت ئويۇلغان بولسا، پارس پادىشاھلىقىنىڭ مۆھۈرىگە ئاسمان – زېمىن توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ئاساسىدا «ئايدىن بىلىقچە» دېگەن خەت ئويۇلغان. خانلىق مۆھۈرى شۇ دۆلەتتىكى ئەڭ ئەتىۋارلىق بۇيۇملاردىن ياسالغان. يەنى، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربى ئاسىيا دۆلەتلىرىدە ئالتۇندىن قۇيۇلغان بولسا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە ئۇنىڭغا يېقىن ئەللەردە خوتەننىڭ ئەڭ ئېسىل ئاق قاشتېشىدىن ئويۇلغان. خانلىق مۆھۈرىدىن باشقا، پادىشاھنىڭ خۇسۇسى مۆھۈرىمۇ بار بولۇپ، بۇ «شاھ مۆھۈرى» دەپ ئاتالغان. شاھ مۆھۈرى قەدىمي تىلىمىزدا «تۇرتاغ» دەپ ئاتالغان. خان يارلىقىغا مۆھۈر بېسىلغاچقا خان يارلىقىمۇ «تۇرتاغ» دەپ ئاتالغان. شاھ مۆھۈرى پادىشاھنىڭ شەخسى ئىشلىرىغا ئالاقىدار ئىشلارغا ۋە شاھنىڭ خۇسۇسى نامىدىكى يارلىق، پەرمانلارغا ئىشلىتىلگەن. مۆھۈر مەدەنىيىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە بىر قەدەر گەۋدىلىك بولۇپ، خەن سۇلالىسىدىن ئېتىبارەن مۆھۈر ئىشلىتىش قانۇنلىشىپ، مۆھۈر بۇيۇمى دەرىجە بويىچە پەرقلەندۈرۈلۈپ ئىشلىتىش ئومۇمى قائىدە ۋە تۈزۈمگە ئايلانغان. يەنى، خانلىق مۆھۈرى ۋە شاھ مۆھۈرى خوتەننىڭ قوي مېيى رەڭگىدىكى ئەڭ ئېسىل ئاق قاشتېشىدا ئويۇلغان بولسا، خانىش خوتەننىڭ ئاق قاشتېشىدا مۆھۈر ئىشلىتىش، 1 – دەرىجىلىك ۋەزىرلەر كۆك قاشتېشىدا، ئۇنىڭدىن تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇدا ئەمەلدارلىرى سۇس يېشىل، يېشىل، توق يېشىل خوتەن قاشتېشىدا، يەرلىك ئەمەلدارلار دەرىجىسى بويىچە ئالتۇن، كۈمۈش، مىستا مۆھۈر ئىشلىتىش قانۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ خىل مۆھۈرلەر ئاساسەن ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان مۆھۈرلەر بولۇپ، يۇقىرى – تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلار يەنە شەخسى مۆھۈر ئىشلىتىش بارلىققا كەلگەن، بۇ «تامغا» دەپ ئاتالغان. تامغا ھەجىم جەھەتتىن مۆھۈردىن كىچىك بولۇپ، ياندا ئېلىپ يۈرۈشكە قولاي قىلىپ ئويۇلغان. جەمئىيەتنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ، تامغا ئىشلىتىش دەسلەپ بايلار، قۇلدارلار، زېمىندارلار ئارىسىغا سىڭىپ كىرىپ، تەدرىجى ھالدا ئاۋام، پۇقرالار ئارىسىغىچە ئومۇملىشىپ كەتكەن.

ئەنگلىيەلىك ئارخېئولوگ ئاۋرېل ستەيىن تارىم ۋادىسىدا ئېلىپ بارغان ئېكسپېدىتسىيەسى جەريانىدا، ھەرقايسى قەدىمي شەھەر خارابىلىرى، قەدىمي ئىزلاردىن قېزىۋالغان بۇيۇملار ئارىسىدا تۈرلۈك مۆھۈر ۋە تامغىلار بار بولۇپ، تامغىلارنىڭ بەزىلىرى مىستىن ياسالغان بولسا، بەزىلىرى ياغاچتىن ئويۇلغان. ئۇ نىيە خارابىسىنى قېزىش جەريانىدا ئاز بولمىغان ساپال تامغا قېزىۋالغان. بۇ تامغىلارنىڭ بەزىسىدە يېزىق بار، كۆپ قىسمىدا تەسۋىرى سۈرەت بار بولۇپ، ئاساسلىقى بۇددا دىنىدىكى ئىلاھلارنىڭ باش سۈرىتى، قۇش رەسىملىرى، گۈل نۇسخىلىرى ۋە چۈشىنىكسىز بەلگىلەر. ئاۋرېل ستەيىن 1901 – يىل 1 – ئاينىڭ 18 – كۈنى نىيە قەدىمي شەھەر خارابىسىدا ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا 700 پارچىدىن ئارتۇق كارۇشتى يېزىقىدىكى تامغا بېسىلغان تارىشا پۈتۈكلەرنى تاپقان. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئون نەچچە قېتىملىق ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشتا نىيە قەدىمي شەھەر خارابىسىدىن 1000 پارچىغا يېقىن تامغا بېسىپ پېچەتلەنگەن تارىشا پۈ-

تۇك تېپىلغان. بۇ پۈتۈكلەرگە بېسىلغان تامغىلار ھەر خىل بولۇپ بەزىلىرىگە گۈل نۇسخىسى، بەزىلىرىگە ئادەم شەكلى چۈشۈرۈلگەن.

شىنجاڭ مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1959 ـ يىلى 10 ـ ئايدا نىيە خارابىسىدىن قېزىۋالغان 66 پارچە تارىشا پۈتۈكنىڭ بىر قىسمى پېچەتلەنگەن بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 16 سانتىمېتىر، كەڭلىكى5.7 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر جۈپ تارىشا پۈتۈكنىڭ يۈزى بىر ـ بىرىگە جۈپلىنىپ، كەندىر يىپ بىلەن ئۈچ يەردىن چېگىلگەن. يىپنىڭ چىگىشى تارىشىنىڭ ئويۇلغان يېرىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئۈستىگە يۇڭ ئارىلاشتۇرۇلغان سېغىز لاي چاپلاپ سۇۋالغان، لاي ئۈستىگە تامغا بېسىلغان. تامغا تۆت چاسا بولۇپ، تەرەپلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. پېچەت ئۈستىگە بېسىلغان تامغىنىڭ بىرسىدىكى شەكىل گۈل بەرگىگە، يەنە بىرىنىڭ ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ. تارىشا پۈتۈكنىڭ ئارقا يۈزىگىمۇ ئىككى لاي تامغا بېسىلغان بولۇپ، بىرىدە قولىنى كۆتۈرۈپ زوڭزىيىپ ئولتۇرغان، يوغان باش، قاڭشارلىق، ئورۇق، يالىڭاچ ئادەمنىڭ تەسۋىرى بار، يەنە بىرىدىكى رەسىم ئۆچۈپ كەتكەن بولۇپ، پەرق ئەتكىلى بولمىغان. يەنە بىر پارچە تارىشا پۈتۈكنىڭ كەينى يۈزىگە «مەزكۇر پۈتۈكنى باجگىر لىيپيا (Lyipeyasa) پېچەتلىدى» دېگەن خەت يېزىلغان.

كارۇشتى يېزىقى شىنجاڭدا مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردىن مىلادى 4 ـ ئەسىرگىچە 700 يىل ئىشلىتىلگەن يېزىق. بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەينى دەۋردە ھەرقانداق شەخسنىڭ شەخسى تامغىسى بولغاندىن سىرت، خەت ـ چەك باشقۇرىدىغان قانۇني ئورگانلارمۇ تەسىس قىلىنغان. بۇ پاكىتلاردىن بۇنىڭدىن 2000 يىللار بۇرۇن ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدىكى پوچتا، خەت ـ ئالاقە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە كەڭ ئومۇملاشقان تامغا مەدەنىيىتىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «تامغا» سۆزىگە «تامغا، خاقان ۋە باشقىلارنىڭ تامغىسى» دەپ؛ «تۇغراغ» سۆزىگە «خاقاننىڭ مۆھۈرى (تامغىسى)؛ خان يارلىقى. ئوغۇزچە، بۇنى تۈركلەر بىلمەيدۇ، بۇ سۆزنىڭ ئەسلىسىنى مەنمۇ بىلمەيمەن» دەپ؛ «تۆكۈن» سۆزىگە «داغ، تامغا» دەپ تەبىر بەرگەن.

يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئارىسىدا تامغا ئىشلىتىش مۇنداق بىر قانچە تەرەپتە ساقلانغان:

1. شەخسى ئىشلاردا شۇ كىشىنىڭ ئىسمى، ئەملى ياكى دىنىي نامى ئويۇلغان كىچىك تامغا ئىشلىتىلگەن. يەنى، ھۆكۈمەت ئىشلىرى خەت ـ ئالاقىلىرىدا ئەمەلدارلار تامغا ئىشلىتىشتىن باشقا، شەخسلەرمۇ شەخسى خەت ئالاقىلاردا تامغا ئىشلەتكەن. ھەتتا بەزى ساۋاتسىز كىشىلەر دوغىلىرىنى ياكى خىزمەتچىلىرىنى باشقىلارنىڭ ئالدىغا مۇھىم ئىشلارغا بۇيرىسا، شۇ كىشىنىڭ قولىغا (كۆپىنچە بىلىكىگە) ئۆز تامغىسىنى بېسىپ بۇيرىغان. ۋاكالىتەن بارغۇچى بۇ تامغىنى كۆرسىتىپ، شۇ كىشىنىڭ ھاۋالىسىنى يەتكۈزۈپ ئىش بېجىرىپ كەلگەن.

2. تاغار، خۇرجۇن قاتارلىق قاچىلارغا ئۆز تامغىسىنى بېسىپ، قاچا ۋە قاچىلانغان نەرسىلەرنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى ئىپادىلەش. بۇ خىل تامغا ياغاچ ياكى مېتالدىن ياسىلىپ، رەڭ بىلەن بېسىلىدۇ.

3. ياغاچ تۇۋرۇك، قوزۇق قاتارلىقلارغا ئۆز تامغىسىنى بېسىپ، تېرىلغۇ يەر ياكى يايلاقلىرىنىڭ پاسىلىغا قاداپ، يەر تەۋەلىك ۋە ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى ئىپادىلەش. بۇ خىل تامغا تۆمۈردىن ياسىلىپ، تامغىنى قىزدۇرۇپ، تۇۋرۇك ياكى قوزۇقنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق بېسىلىدۇ.

4. قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرى (كۆپىنچە توقۇلما بۇيۇم، تۆمۈر، مىس قاتارلىقلاردىن ياسالغان مېتال بۇيۇملار)غا ئۆز تامغىسىنى بېسىپ، تاۋار ماركىسى سۈپىتىدە قوللىنىش. بۇ خىل تامغا توقۇلما بۇيۇملار (كۆپىنچە تاغار، خۇرجۇن، گىلەم، كېگىز قاتارلىق شۇ پېتى ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملار)غا ياغاچتىن تامغا ئويۇپ، رەڭ بىلەن بېسىلىدۇ. مېتال بۇيۇملارغا قۇيۇچ (پولات)تىن تامغا ياسىلىپ، تامغىنى بۇيۇم ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ، بىر نەرسە بىلەن ئۇرۇپ ئىزىنى چۈشۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق بېسىلىدۇ. بەزى تۆمۈردىن سوقۇلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىغا (كەتمەن، كەكە، پالتا، چوت، ساپان، بۇغۇس چىشى ... دېگەندەك) بىر خىل شەكىلنى نەقىش قىلىپ بېسىش ئۇسۇلى بىلەن تامغا شەكلى چىقىرىلىدۇ. بۇ شۇ ئۇستىغا خاس تاۋار ماركىسى شەكلىدىكى بەلگە بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

شەخسى تامغىلاردىن باشقا تاۋار ماركىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىغان تامغىلارغا خەت ـ يېزىق ئىشلىتىلمەي، مەلۇم بەلگە چىقىرىلغان. بۇ خىل تامغىلار «ئەن سېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان تامغا» دېگەن مەنىدە «تامغا ئەن» ياكى «ئەن تامغا» دەپ ئاتالغان. خوتەن رايونىدىكى قەدىمي شەھەر خارابىلىرى، قەدىمي ئىزلار ۋە قەبرىستانلىقلاردىن قېزىۋېلىنغان ساپال بۇيۇملارغا دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ھەر خىل نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ نەقىشلەر رايون ۋە زامان ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. يەنى، مەلۇم بىر نەقىش ئارقىلىق، بۇ ساپال بۇيۇمنىڭ قايسى دەۋردە قايسى رايوندا ئىشلەنگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. دېمەك، قەدىمي دەۋردە تۈرلۈك نەقىشلەر ساپال بۇيۇملارنىڭ تاۋار ماركىسى سۈپىتىدە قوللىنىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، بەزى رايونلاردىن قېزىۋېلىنغان ساپال بۇيۇملارغا تامغا بېسىلغان بولۇپ، تېخىمۇ تىپىك تاۋار ماركىسى ھېسابلىنىدۇ.

يېقىنقى دەۋرلەردە مەھسۇلاتلارغا چۈشۈرۈلگەن كۆپ ئۇچرايدىغان تامغا نۇسخىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. چېچەك ئەن: بۇ ئېغىز تىلىدا «چېچكەن» دېيىلىدۇ، بىر كىچىك چەمبەر ئەتراپىغا ئۈچتىن سەككىزگىچە چەمبەر تىزىپ،

چېچەك شەكىللىك چىقىرىلىدۇ. ئەتراپقا تىزىلغان چەمبەرنىڭ سانى شۇ چېچەكنىڭ ئىسمى قىلىنىدۇ، يەنى: ئۈچ چېچەك، ئالتە چېچەك، سەككىز چېچەك ... دېگەندەك. بىر ئۇرۇق ياكى ئائىلىنىڭ تامغىسىدا ئەتراپىدىكى چەمبەرنىڭ سانى مۇقىم بولىدۇ. يەنى چېچەك ئەن ئالتە خىل تۈرلىنىپ، ئالتە ئۇرۇق ياكى ئائىلە ئىشلىتىدۇ. كېرىيە ناھىيەسىنىڭ جاي يېزىسى شۇقاقى جاي كەنتىدىكى بىر مەھەللە كىشىلىرى ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ چېچەك ئەن ئىشلىتىپ كەلگەن بولغاچقا، بۇ مەھەللە «چېچەك مەللىسى» دەپ ئاتالغان.

2. چېلەك ئەن: بۇ ئېغىز تىلدا «چېلىكەن» دېيىلىدۇ. بۇ كىرىس بەلگىسى بولۇپ، خوتەن رايونىدا بۇ بەلگە «چېلەك» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئەن + شەكىللىك ۋە × شەكىللىك ئىككى خىل بولىدۇ. بۇ بەلگە بەكلا ئاددى بولغاچقا، ئىشلىتىدىغانلار ئىنتايىن ئاز.

3. ئىلمەك چېلەك ئەن: بۇ ئېغىز تىلدا «ئىلمە چېلىكەن» دېيىلىدۇ. بۇ كىرىس بەلگىسىنىڭ ھەر بىر ئۇچىغا ئوڭ ۋە سولغا يۆگەشكەن ئىلمەك چىقىرىپ، ئىككى ئىلمەكنىڭ ئوتتۇرىسىغا غۇنچە چىقىرىپ تۈزۈلىدۇ. بۇ ئەننىڭ ئومۇمى گەۋدىسى + شەكىللىك ۋە × شەكىللىك بولغاندىن باشقا، ئىلمەكنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىرىلىدىغان غۇنچىنى چەمبەر شەكىللىك، ئېللىپىس شەكلى، غىش شەكلى چىقىرىش، تۆت غۇنچىنىڭ ھەممىنى بىر خىل چىقىرىش، ئارىلاشتۇرۇپ چىقىرىش ۋە ئىلمەك ئاستىغا بىر تۈز سىزىق سىزىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق تۈرلەپ ئىشلىتىدۇ. بۇ خىل بەلگىنى ئىشلىتىدىغانلار بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ھەر خىل ھۈنەر كەسپلەرنىڭ ھەممىسىدە كۆرۈلىدۇ. پېشقەدەملەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بۇ تۆت نەيزىنى گىرەلەشتۈرۈپ چىقىرىلغان شەكىل بولۇپ، بۇرۇنقى دەۋرلەردە لەشكىرى ئىشلاردا قورال - ياراغلارغا چۈشۈرۈلگەن، دېيىلىدۇ. شۇڭا بۇ خىل بەلگە يەنە «نەيزەن» (نەيزە ئەن)مۇ دېيىلىدۇ. بەزى رايونلاردا نەيزەن بىرلا نەيزە شەكلىنى كۆرسىتىدۇ.

4. ھالقا ئەن: بۇ ئېغىز تىلدا «ھالقەن» دېيىلىدۇ. بۇ ھالقا (چەمبەر) شەكلىنى يەككە ئىشلىتىش، چوڭ ھالقا ئىچىگە كىچىك ھالقا چىقىرىش، ھالقا ئىچىگە بىردىن بەشكىچە چېكىت قويۇش، ھالقا ئىچىگە چېلەك ئۇرۇش، ھالقا ئىچىگە چاسا (تىك تۆت بۇلۇڭ) چىقىرىش، چاسا ئىچىگە ھالقا چىقىرىش، ھالقا ئىچىگە چېچەك چىقىرىش ... قاتارلىق شەكىللەرگە تۈرلىنىدۇ. بۇ ئەنلەرنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىيسى بولۇپ، قۇياش ئېتىقادچىلىقى ۋە شامانىزىم دەۋرىدىكى دىنىي ئېتىقادلار ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. چۈنكى قەدىمىي دەۋرلەردە ھالقا — قۇياشنىڭ سىمۋولى، قوش ھالقا نۇر ھالقىسى، + ۋە × بەلگىسى ھەم چاسا شەكىل يەرنىڭ سىمۋولى بولغان، بۇ بەلگىلەر بىلەن ھالقىنى گىرەلەشتۈرۈپ چىقىرىلغان شەكىل — يەر - ئاسماننىڭ (قۇياش ۋە زېمىننىڭ) سىمۋولى قىلىنغان.

5. ئاي ئەن: بۇ ئېغىز تىلدا «ئايەن» ياكى «ئەيەن» دېيىلىدۇ. بۇ ئاينىڭ شەكلى بولۇپ، ھىلال ئاي شەكلىنى يەككە چىقىرىش، قوش چىقىرىش، ھىلال ئاي ئىچىگە چېكىت قويۇش ۋە ھىلال ئاينى ئوڭغا، سولغا، ئاستىغا، ئۈستىگە قارىتىش شەكىللىرى ئارقىلىق تۈرلىنىدۇ. بۇ بەلگىنى ئىشلىتىشمۇ ئانچە كۆپ ئەمەس. كىچىك تامغىلاردا ھىلال ئاي يالاڭ تىرناق شەكلىدە چىقىرىلىدۇ. بۇنىڭغا قويۇلغان چېكىت - يۇلتۇزنىڭ سىمۋولىدۇر. بۇمۇ قەدىمىي بەلگىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، شامانىزم دەۋرىدىكى كۆككە چوقۇنۇش، ئاي - يۇلتۇزلارغا چوقۇنۇش ئادىتىدىن شەكىللەنگەن.

يۇقىرىقى بەش تۈرلۈك تامغا كۆپىنچە تۆمۈرچى، مىسكەرلەر ئۆز مەھسۇلاتلىرىغا تاۋار ماركىسى سۈپىتىدە باسىدىغان شەكىللەر بولۇپ، ئۇرۇق، جەمەتنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىش نىسبەتەن ئاز. ئۇرۇق - جەمەتنىڭ تامغىسى شەكلىدە ئىشلىتىدىغان بەلگىلەردە باشتا سۆزلەنگەن چوڭ - كىچىك چارۋىلارغا بېسىلىدىغان تامغا بەلگىلىرى ئاساس بولۇپ، چارۋىچىلاردىن باشقا سودىگەرلەر، دېھقانلار، كارۋانلار ۋە باشقا كەسپتىكىلەرمۇ ئىشلىتىدۇ. چارۋىچىلار ھەم چارۋىلىرىغا سېلىندىغان ئەن، ھەم ماللىرىغا سېلىنىدىغان بەلگە قىلىپ، ھەممىگە ئورتاق ئىشلىتىدۇ. دېھقانلار خامان تېپىدىغان مەزگىلدە چەشلىرىنى باشقىلارنىڭ ئوغرىلاپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ياكى ئوغرى كەلگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، خامانغا دۆۋەلەنگەن ئاشلىقنىڭ ئۈستىگە بىر قەۋەت ھۆل توپا سېپىپ، توپا ئۈستىگە ياغاچتىن ياكى مېتالدىن ياسالغان ئەنلىرىنى بېسىپ قويىدۇ. چەش ئەتراپىغىمۇ ئەن سېلىپ قويىدۇ. بۇ خىل ئەن كوپىراتسىيە دەۋرلىرىدىمۇ ئىشلىتىلگەن بولۇپ، مەھەللە گۇرۇپپىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئەن، تامغىلىرى بولغان.

بۇگۈنكى دەۋردە، تامغا — ھۆكۈمەت تامغىسى ۋە شەخسىي تامغىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ھۆكۈمەت تامغىسى ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدۇ. شەخسىي تامغىنى ئەمەلدارلار، مالىيە خادىملىرى ۋە مەلۇم ئەمەلىي ھوقۇققا ئىگە خادىملار ئىشلىتىدۇ.

---

[1] ئاۋنقۇن (aū nū n) - ئاۋنغۇن(aū nqū n) مۇ دېيىلىدۇ. قەدىمىي تۈرك تىلدا ئويغۇن (ū ī ū n) چارۋىلارنىڭ بەدىنىگە باسىدىغان تامغىنى كۆرسىتىدۇ، يەنى چارۋىلارنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇق بەلگىسى؛ ھەم تۈركلەر ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر قۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا رەشىدىنىڭ يازمىسىدىكى ئاۋنقۇن تۇتېمنى بىلدۈرسە كېرەك.

[2] ئەت ئورنى — چارۋىلارغا تامغا بېسىلىدىغان ئورۇننى كۆرسەتسە كېرەك.

(ئاپتور: كېرىيە ناھىيىلىك مەدەنىيەت — تەنتەربىيە ئىدارىسىدا)

مۇھەررىر: تۇرسۇن قۇربان كۈلپىتى
ئېلخەت: kvlpiti@126.com




## بىلىپ قويغان ياخشى

ئاپتوموبىلنىڭ شامال توسۇش ئەينىكى قارىماققا ئادەتتىكى ئەينەك بىلەن ھېچقانداق پەرقى يوقتەك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە تەرەپلىرى بار، ئادەتتە ئەينەك پارچىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردە ئۈچلۈق ھەم قىرلىق ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ، مۇئەييەن بىر شەكىلگىمۇ ئىگە بولمايدۇ. بىراق ئاپتوموبىلنىڭ شامال توسۇش ئەينىكى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، ناۋادا ئۇ كۈچلۈك سىرتقى زەربىگە ئۇچرىسا، خۇددى ئۆمۈچۈك تورىغا ئوخشاش، يېرىق ئىزلىرى پۈتۈن ئەينەكنى قاپلايدۇ، ئەمما دەرھال پارچىلىنىپ چۈشۈپ كەتمەيدۇ، مانا بۇ ئاپتوموبىلنىڭ شامال توسۇش ئەينىكىنىڭ ئۆزىگىچە ئالاھىدە تەرىپى.

ئاپتوموبىلنىڭ مېڭىش سۈرئىتى ناھايىتى تېز، ئەگەر ئاپتوموبىلغا ئادەتتىكى ئەينەك ئىشلىتىلسە، ناۋادا بىرەر ھادىسە كېلىپ چىقسا، ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن.

تەتقىقاتچىلار تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ئادەتتىكى ئەينەكنى يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق توك ئوچاقتا سېلىپ قىزدۇرۇپ ئەينەك يۇمشاق ھالەتكە كېلەي دېگەندە دەرھال ئۇنى يەنە شامال پۈركۈش ئۈسكۈنىسىگە سېلىپ، ئۇنىڭ ئىككى يۈزىنى تەكشى شامالدىتىپ، ئاندىن ئۇنى تۇيۇقسىز سوۋۇتقان، مانا بۇ ئوتتا تاۋلاش ياكى ئوتتا سۇغىرىش دەپ ئاتىلىدۇ. ئوتتا تاۋلانغان ئەينەك قىزىق ھالەتتىن بىۋاستىلا سوغۇق ھالەتكە كېلىدىغان بولغاچقا تەكشى ھەم زىچ ھالەتتە تارىيىدۇ، سۈپىتىمۇ ناھايىتى ياخشى بولۇپ خۇسۇسىيىتىدىمۇ چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوتتا تاۋلىنىپ چىققان بۇ خىل ئەينەك ئادەتتىكى ئەينەككە قارىغاندا مۇستەھكەم بولۇپلا قالماستىن زەربىگە ئۇچراپ چېقىلسىمۇ ئاسانلىقچە ئاپتوموبىلدىكىلەرنى يارىلاندۇرۇپ قويمايدۇ.

## بۇقا ۋە ئىنسان

ئىسپانىيەنىڭ مادرىد شەھرىدە پاسخا بايرىمىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن بۇقا بىلەن ئېلىشىش پائالىيىتىدە بۇقا بىلەن تورېئادور ئارىسىدا «قانلىق جەڭ» يۈز بەردى.

ئىگىلىنىشىچە، بۇ ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت تۈرىنىڭ ئىسپانىيەدە داۋاملىشىپ كەلگىنىگە نەچچە ئەسىر بولغان بولسىمۇ ئەمما قانلىق دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقى سەۋەبىدىن بۇ تۈرگە قارشى تۇرىدىغانلارنىڭ سانى كۈنسايىن ئاشقان. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھايۋانلارنى قوغدىغۇچى تەشكىلاتلارنىڭ ئىنسانلارنى بۇقىلارنى قوغداشقا چاقىرىق قىلغان ئاۋازى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە چىققان.

## ھەربىر باشتا بىر ئۆلۈم

چەت ئەل تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا گېرمانىيەلىك بىر ئېكسپېدىتسىيىچى يەتتە يىل ئىلگىرى يوقاپ كەتكەن بولۇپ، ھازىرغا قەدەر ئىز - دېرىكى بولمىغان. يېقىندا فىلىپپىنلىق بىر بېلىقچى تاشلىۋېتىلگەن پاراخوت ئىچىدىن بۇ ئېكسپېدىتسىيىچىنىڭ جەسىتىنى بايقىغان. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى ئۇنىڭ جەستى ئۆلۈپ كەتكەن ۋاقىتتىكى قىياپىتىدە شامالداپ مومىيا بولۇپ قالغان.

## تەلەيگە نېمە دېگۈلۈك

يېقىندا ئامېرىكىدا بىر جۈپ ئاكا - ئۇكىغا تەڭلا ۋاقىتتا لاتارىيەدىن مۇكاپات چىققان. ئەمما مۇكاپاتىنىڭ سوممىسى ئاسمان - زېمىن پەرقلىنىدىغان بولۇپ، ئاكىسىغا ئەڭ يۇقىرى سومما 291 مىليون 400 مىڭ دوللار، ئىنىسىغا ئەڭ تۆۋەن مۇكاپات سومما يەتتە دوللار چىققان.

مۇھەررىر: پەرىدە تۇردى
ئېلخەت: paridaturdi@126.com

www.uyghurkitap.com





# نەي لېۋى

◉ ئابلىجان ھېيت

## بىلمىدىم

بىلمىدىم، يۈرىكىم مەندىمۇ، سەندە،
جان ئۈزرە سەن، مەنمۇ يار دەپ ياشىغان.
تۇرمۇشنىڭ داۋامى مەندىمۇ، سەندە،
ئارىدا بىر ئوت بار يېلىنجاپ تۇرغان.

ئىنسانلار ئىجادى دېدۇق سۆيگۈنى،
ئاشىقلار سۆزلەيدۇ باشقا ھېكايە.
ھەر قانداق ئۆتمۈشتىن گۈزەل كەلگۈسى،
رىئاللىق بىر غەزەل، سۆزدىن نۇرانە.

بىلمىدىم، سەن بولدۇم قاچاندىن بۇيان،
لەۋلىرىم تۇرمۇش تەم، دىلىخانەم كۇلدان.
قۇياشقا بېقىنغان ئايدا نە گۇناھ ،
يالقۇنى تۇتۇشقا يوق ئېكەن ئىمكان.

سۆيىسمۇ ئۆزىنى سۆيىدۇ جەننەت،
دوزاقنىڭ كۆيۈكى كۆيەر ئۆزىگە.
ئاشىقلار تەقدىرى تەقدىردىن قىممەت،
بىلمىدىم، يۈرىكىم سەندىمۇ، مەندە!؟

## مەڭگۈلۈك سوئال

بۇگۈندىن سوراپ سالما ئۆزايىمنى،
مەڭگۈگە قويۇپ قويدۇم سوئالىمنى.
مەڭگۈنى چۈشەنمەستىن ئۆتەر بەلكى --
بەلكىنىڭ قوينىدىكى جانان مېنى.

قۇياشقا چېتىپ قويدۇم ئۆز ھالىمنى،
تولۇنئاي ئوخشىتارمىش چىرايىمنى.
بار بىلەن يوقلۇق ئارا پەرۋاسىزلىق --
پەرۋاسىز تۇرمۇش دائىم قىينار مېنى .

ئەركىمگە باغلاپ قويدۇم باھارىمنى،
زارىمغا سېتىپ بەردىم بازارىمنى.
كىشىلىك كىملىكىدە بار ھەقىقەت --
ھەقىقەت كۆيۈكىلا سۆيەر مېنى.

ئىشقىنىڭ بولماس پەسلى، قارارگاھى،
ئاشىقنىڭ پىراقىدا بارار جايى.
مۇھەببەت تەقدىرىدە بولماس ۋىسال --
ۋىساللىق يۈرەكتە بار يار جامالى.

مەن سېنى ياخشى كۆرگەچ، ئاۋازىمنى
ناخشاڭغا كۆندۈرگەنتىم. ئارمانىمنى...
ھىجراننىڭ ئىشكىدە قىسىلماس لەۋ --
لېۋىمدە راسلىغانتىم جاۋابىمنى.

مەن قانداق كۇلدۇرەرمەن جانان سېنى،
سەن قاچان پەسلىتەرسەن ئازابىمنى.
دۇنيانىڭ كەلگۈسىدە جەننەت، دوزاخ --
دوزاختا پاكلاپ قويدۇم جان - جانىمنى.

ئىشقىمغا ھەمراھ قىلدىم ئىمكانىمنى،
كۆتۈشكە مۇڭداش قىلدىم چىدامىمنى.
سۆيگۈنىڭ روھىيىتىدە بولسا مەڭگۈ --
مەڭگۈگە قويۇپ قويدۇم سوئالىمنى.

بۇگۈندىن سوراپ سالما بۇ ھالىمنى،
مەڭگۈگە قويۇپ قويدۇم سوئالىمنى.
مۇھەببەت مەۋجۇتلىقى ئەركىنلىكتە --
ئەركىكە قويۇپ بەردىم جاۋابىمنى.

## نەي لېۋى

قۇرۇش، كۆكلەش تەقدىرنىڭ ئىشى،
مۇھەببەت، ئاھ، ھەر كىمنىڭ ئىشى.
كۆككە كىرمەي قۇرىغان قومۇش،
ھىجران ئېيتقان نەينىڭ ناخشىسى.

تۆشۈك - تۆشۈك تېشىلگەن يۈرەك،
مۇڭلۇق دۇنيا يار قولىدىكى...
قانداق چىدار بەختسىز ھىجران،
يار لېۋىدە تۇرسا نەي لېۋى؟

قۇرۇش، كۆكلەش تەقدىرنىڭ ئىشى،
نەي لېۋىدە يارىمنىڭ لېۋى...

## نۇرسىز چۆل

چۆل بولغاندا ئۆمۈر مەنزىلى
يەنە قايتا كۆكلىدى توغراق،
ياشاشمۇ بۇ، ئازابقا سەپەر؟
تەن ماغدۇرسىز، دىلدا ئىشتىياق.

قىبرىلىقنىڭ نوتىسى كۆركەم،
ئۆز بولسىمۇ، بولىدۇ ئاجىز،
بۇ دەملەرنىڭ سۇنغان بىر شېخى
قۇمدەك يىغلار، كۇلدەك ماكانسىز.

سۆيگۈ دېگەن سىرلىق رىۋايەت،
چوت سوقىلى بولماس، ئىچىپ قۇر.
لەۋلىرىڭدە پۈتمىسە ھېساب
كۆز ياش بولۇپ كېلىپ نەمدەپ تۇر.



# كېتىدىغان ئادەممەن

ئەھمەد يۇسۇپ سەرداھى

## تاغلار

1

بويۇڭدىن ئېگىز
پاتتىم كولرەك سۇكۇتلىرىڭگە.
تۆيغۇمدىكى ئاتالار كىشنىشەر
ئىچىمنى يورۇتار ئالتۇن ئۇزەڭگە.

2

تېرە كىتابنى ئاچتىم
بىرىنچى بەتتە ھېچكىم يوق ئىدى.
مۇز ئۇستىدە ئۇيۇپ قالدى قان
گۇللەر ئېچىلدى.

3

ئىككىنچى بەت شۇ قەدەر غۇۋا
ئەنجۇر يوپۇرمىقى ياپپىشىل ئىدى.
تاشلارنىڭ قەھرىدە لاۋۇلدايدۇ ئوت
باغرىڭنى تىترىدى..

4

ئۈچىنچى بەتتە
قىقاس - سۇرەنگە تولدى يايلاقلار.
كۆچ بېرەتتى باھادىرلارغا
باش سۆڭەكلىكى ئىسسىق شارابلار.

5

تۆتىنچى بەت
ئاخىرلاشتى بولماستا يېرىم.
ئىسسىق - سوغۇق رەڭلەر بەشىنچى
بەتتە
غەملىرىڭگە ياغاتتى سىم - سىم!

6

ساڭا كىرمەكتىمەن،
ۋارقىرىدىم! ئاۋازىم قايتتى ئۆزۈمگە.
قىلىچتەك ئۆتكۈر قىيالىرىڭنى
سۈرتتۇم كۆزۈمگە.

7

چىقۋالسام بولاتتى،
ئىسمىمنى قات - قىتىڭدىكى
بەرسەڭ قايتۇرۇپ!

## ئاچچىقىم

«ئۇرمەن!» دېدىڭ،
قوللىرىمنى شېئىر يازىدىغان،
باغلاپ قويۇپ چاچلىرىڭ بىلەن.
ھاياجاندىن كەتتىم قاراسلاپ،
«تاتلىقىم!» دېدىم،
«ئاچچىقىڭمەن» دېدىڭ چاراسلاپ..

چېچەكدىن قامچا ئەشكىن،
كىرپىكىڭدە كۆكسۇمنى تەشكىن.
سۆزلىرىڭ ياغسۇن بېشىمغا تاشتەك،
تېرەمنى تەتۈر سوي
گۆشلىرىمنى خامتالاش ئەتكىن.

تېنىڭنى بويلاپ ئاقسۇن قانلىرىم،
تاشلىۋەت چۆللەرگە سۆڭەكلىرىمنى.
ئاۋازىم قۇشلارنىڭ تىلىدا قالسۇن
ئىسمىم
ئىسمىڭدىن تۇرغاندەك نېرى!

يالغان دەپ بىل
ھاياتىڭدا بولغانلىقىمنى.
يوقلۇقۇمغا قاراپ ئولتۇرغىن بىر پەس
تىنچلانغىن،
سۆزلەپ يۈرمە ھېچكىمگە ئاخىر
ئىچىمنىڭ سەن بىلەن تولغانلىقىنى.

كەل
خوشلىشايلى مۇشۇ مىسرادا
ئاجرىمىغان لەۋلىرىمىزدەك.
كەل
باھارىمدەك تولۇپ ئاچچىقىم
ئۇرىۋالغىن! ئۇرغىن قانغۇدەك..

## كېتىدىغان ئادەم مەن

مەن،
ئىمكانىم بولمىغاندەك تۇرۇپ قىلىشقا..

ئۆچرىششىنىڭ مۇمكىنچىلىكى بار يەر-
لەرگە كەلدۇق
بىزنى ھىدلىغان ئىدى قەھۋە پۇرىقى.
كۆلدانىدىكى غېرىبلىقىمدا
ھېلىقى سۆز قالدى قان يۇقى..

مېنى ئۇزاتقۇدەك ھېچكىم يوق
ئېيىقالغۇدەك ھەم
بىلمەن. بىرسى مېنى ئۇزاتماقچى بولغان

چوغدەك قىزارغان لەۋلىرى بىلەن.

ئارقامغا قارىدىم
يوللار يۇگرەيتتى ماڭا ئەگىشىپ
ئۇنىڭ ئىشكى قۇلۇپلاقلىق، چىقالمايدۇ
مەن كىرەلمىگەندەك تېمىنى چېقىپ..

بەرىبىر كېتىدىغان ئادەم مەن
يىرتىلغان چاپىنىمدەك يىرتىق يۈرەكنى
ئۆشنەمگە ئارتىپ
بىز ئۇچراشقان خىلۋەت چايخانا
روبىرو قارىشىۋاتقان كۆزلەر،

تەنلەرنىڭ قارشى قۇتۇپتەك تارتىشىشى،
پىيىشمىزنى ساقلاۋاتقان مۇۋە ئۇيۇتمىسى.
دىيىلمىگەن ھېلقى سۆزدە
قالاتتى ئەسلەردەك خىيالغا پېتىپ..

ئاخىرقى دەقىقلەردىن قايتىپ چىقتىم
پەرىشانەمەن بىر نەرسىم كەمدەك.
ئاستىمدا ئىدى كۆلرەڭ بۇلۇتلار
نىمگىدۇر تارتىشار يۈرەك!

بەربىر كېتىدىغان ئادەم مەن
كىمىم بار ئىدى تۇتۇپ قالغۇدەك؟!

## دادام

يولنىڭ ئاخىرى ئارىمىزدىكى
قۇياشنى ئىسسىتقان ئىسسىق قوينىدا
ئۇچمەيدىغان ئىزى ئىدى دادامنىڭ.

دادام — ئەزىم دەريادۇر
يايلاقتۇر كۆرۈنمەس ئاخىرقى چېكى.
ياندۇرۇپ بىرەتتى بەختىمىز ئۇچۇن
بىر تال دانىنى تاڭلىيدىكى..

بىر تال قوۋۇرغىسى ئىدىم،
بىرگە ئېلىپ كىرگەن جەڭلەرگە
سۆڭەك دەستلىك پىچقىدەك يالتىراۋاتقان.

ئۆزدەك پىشماقتا بۇغدايلىرى
تېرىمىغان قوناقلىرى ئۇسساۋاتىدۇ.
ئاخىرلاشماس غېمى تۆرمۇشنىڭ
دادامنىڭ سول پىشىدە ئۇخلاۋاتىدۇ.

تاغ ئىدى دادام
يىقىلساق ھېچ يۆلمەيدىغان
ئەمما، بىلەيدىغان ئىمكانىمىزنى..

دادام
بىزگە نان بېرەر،
ئۆزىگە چىدام!

## ماڭا كېلىسەن

بۇلۇتلار پەستە قالسۇن
ماڭا قارىسۇن تاغلار بويۇنداپ.
ئۇچقىن قۇشلاردەك، قاناتلىرىڭنى
سەرسان شامالاار يۈرمىسۇن يالاپ.

كۆزۈڭنى يۇمغىن
يادىلا ماڭا ئېيتىدىغان سۆزلىرىڭنى.
چىچۋەت،
قىزىل بۇغدايدەك خىياللارنى ۋە
تەشۋىشلەرنى لەۋلىرىڭدىكى
تېرىۋالسۇن يىغلاڭغۇ ئاسمان.

بىردەمدىن كېيىن
ماڭا كېلىسەن، دەردلىرىم كەبى
كۆزۈڭنى ئاچساڭ!

## مەن بولاتتىم

سەن كېلىدىغان كېچىدىن ئۆتتۇم،
ئىزىڭ بىر پارچە چوغ ئىدى چاراسلاپ
يانغان.
تىلىم شاخلىرىدا ئىسمىڭ قىزىل
ئاۋازىڭدىن تېنىمدە گۈلخان.
ھىدىڭ تۆكۈلەر باغرىمنى يارسام،
يىقىلسام سۆزۈك ئاسمىنىڭغا لىق تولاتتىم.
يۇلتۇزسەن،
ئايسەن،
ياكى قۇياشسەن
مەن بولاتتىم ئاخىرقى جەريان!

خىيالىمدا ساڭا پىچىرلايتتىم،
سۆزلىرىم دەريا شاۋقۇنىدەك يىراقلار-
غا تارايتتى.
قىزغىنلىقىمىزدىن كۆزىنى يۇمۇۋالغان
دەرەخلەر،
يالغۇزلۇقۇمغا قارايتتى.
ئۇ قىش ئىدى، مېھرىمىز باھار
ئايرىلىش دەھشىتىدىن قاراسلايتتى
سۆڭەكلىرىمىز.

گۈلگۈن شەپەقنىڭ ھاياجىنىدا
رەڭلىنەتتى يۈرەكلىرىمىز..

كېلەرسەن بەلكىم،
كەلمەسسەن ياكى مەن ئۆلگەنگە قەدەر.
يارقىن كەچمىشلەرنى سېغىنغىنىڭدا
مەن بولاتتىم ئالدىڭدىكى ئەر..



# ئىچىمدە نەي چالار دەريانىڭ لەرزى

◉ ئابابەكرى ئابلىز

## قەشقەر قىزى

چېچىڭدىكى ياپپېشىل بوستان ،
كۆزۈڭدىكى ئاھۇ كېيىكتۇر .
لەۋلىرىمنى قىلالمايدۇ ھۆل ،
لەۋلىرىڭدىن تامچىغان يامغۇر .

لەپىلدەيدۇ ئەتلەس خىياللار ،
مەجنۇنتالدەك زىلۋا بويۇڭدا .
ساما سالار بىر توپ قىزىلگۈل،
يۈزۈڭدىكى يوپيورۇق تاڭدا .

چىمەن دوپپا كىيگەن ياشلىقىڭ ،
كەشتە تىكەر مىلىڭ بىر كېچىدە .

ھەممە ئىشلار قىلدۇ داۋام ،
مۇھەببەتنىڭ گۈزەللىكىدە ،

كوچا يايرار سەن كىرگەن چاغدا ،
خۇش ھىدىڭدىن ئەنبەر خىجالەت .
گۈل ئېچىلار تەبەسسۇمىڭدا ،
كۆل بولۇشقا قىلالماي تاقەت.

ئەينىكىڭنىڭ پىشايۋىنىدا ،
چاچ تارايدۇ ئۈن ئىككى مۇقام .
يۈگۈرىدۇ مىڭ يىلدەك تەنناز ،
ئىچىڭدىكى ھەيۋەتلىك تۆت تام.

توختاپ قالار تۈگۈلۈكىڭدە ئاي،
كۆيۈپ كېتەر كۆزلىرىڭدە كۈن.
چىقىۋاپسەن بىر تال چېچەككە،
كۆرەي دېسەم ھۆسنۈڭنى بۈگۈن.

## ئەسلىمىنىڭ قاغا بەتلىرى

پۈتلىرىمنى ئولتۇردۇم سوزۇپ ،
تېرىقلىرىم چېچىلىپ تۇرار .
كىشنەپ ئۆتەر ئالدىمدىن مەغرۇر ،
مەن مىنگەندە كەلمىگەن ئاتلار.

شېئىر يازغۇم كەلمەيدۇ پەقەت،
تولغان چاغدا كۆڭۈل مىسراغا .
چوقۇلايدۇ تېنىمنى بىر پەس ،
يارنىڭ ئىسمى بولۇپ بىر قاغا .

يار بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇ قىز ،
يوللىرىمدا ماڭغان يانمۇيان .
تۈزۈلمىگەن سۆز بىرىكمىسى ،
دىل قېتىدا دائىم يادلانغان .

ھاياتلىقتىن ئىلگىرىكى ئۆلۈم،
پارلاپ تۇرار بولۇپ كۆك ئاسمان.
يەتكىندەك يەتمىگەن جايغا،
قاقشال بولار كۆكسۈمدە ئورمان.

سۆيگۈمىزنىڭ ئىسمى يېرىم شار،
ياكى كۈزنى ئۇز قىلغان باغچا.

مەست بولدۇق بىز ئىچمەستىن شاراپ،
ئاي بىلمىدى مەست بولغان چاغدا.

ئۆرۈمىدىم بەشىنچى بەتنى،
ئاشكارىدۇر كۆرگىنىم پىنھان،
تاشلاپ كەتكەن ئاپپاق پېيىنى،
ئاشۇ قاغا بىر قىزدۇر ھامان.

## سۈكۈتنىڭ تاشلىرى چېچەكلىمەكتە

تاش تاشتىن ئايرىلدى تاشقا ئايلاندى،
تاش دېسەم كۆڭلۈمدە تاشنىڭ ئىزى بار
گۈل غېرىب بولغاندا گۈلدىن يىراقلار،
كەتكۈچى بىر ئۆمۈر قويىندا ساقلار.

تەمبۇرنىڭ تۈيۈقسىز تولغاندا ھۆسنى ،
ئىشكىنى چېكىدۇ ئۈن ئىككى مۇقام.
قولۇمنى بىر قىزغا كۆتۈرگىنىمدەك،
بەختىمنى تىلەيدۇ مېھرىبان ئانام.

رەسسامنىڭ تەسۋىرى ئۆچتى كۆزلەردىن،
كېچىكىش ئۇچۇنلا ئۇچار ئاققۇلار.
يارىمنىڭ لاي يۇقى خىياللىرىدەك،
ناتونۇش ئېرىقتا ئاقىدۇ سۇلار.

لەۋدىكى ئايۋانغا قونىدۇ كەپتەر،
سۆيگۈنى بىلدۈرەر ھەسرىتى بىلەن.
يالپۇزلار يامغۇرنى قىلىدۇ يالغان،
كۆنلۈكنىڭ چاچلىرى ھۆل بولماس قەستەن.

بۇ ھايات ئوخشىسا بىر چىنە چايغا،
ئىچكەنلەر قىلالماس ھەرگىز تەسەۋۋۇر.
قاراڭغۇ ئورماندۇر ئايدىڭدىكى قىز،
ئۇ قىزنىڭ كۈتكىنى كەلمەيدۇ بالدۇر.

بىز جىمجىت تۇرىمىز يەنە يانمۇيان،
ئايرىسا يۇلتۇزلار ئايرىسۇن تال ـ تال.
سۈكۈتنىڭ تاشلىرى چېچەكلىمەكتە،
يار ئەمەس كۆيدۈرەر مەڭزىدىكى خال.

## ئىچىمدە نەي چالار دەريانىڭ لەرزى

ئۆرۈلدى كۆڭۈلنىڭ تۆشۈك يانچۇقى،
تۈگىمەس مەڭگۈگە سۆيگۈنىڭ قەرزى.
ئاخىرقى بېكەتتە يوقتۇر ماشىنا،
ئىچىمدە نەي چالار دەريانىڭ لەرزى.

گۈلدىن كۆل، يازدىن ساز، سۈكۈتتىن ئاۋاز ،
ئاستىدا پەلەمپەي، ئۈستىدە توپلەي.
تاغدىن نۇر، بەتتىن قۇر، جاراھەتتىن دۇر ،
قاشتىن تۈن، لەۋدىن ئۈن، باياۋاندىن نەي .

مەن ئۆزۈم بولمىدىم باشقا ئادەمدەك،
يۈرەكنىڭ قېتىدا چۆرگىلەر تۈگمەن .
يارىمنىڭ چۆچىكى ئالتۇندىن پۈتكەن ،
دەردىدە گۈلستان بەرگىدە سەمەن .

ساپاللار سۆزلەيدۇ تاغنىڭ ۋەسلىنى ،
چاراقلار ئاپتاپتا سۇنىڭ يېزىقى .
مۇھەببەت ھەققى كارۋاندۇر بەلكىم،
ئولتۇرسا مۇڭدىشىپ قالماس قىزىقى .

ئەسلەشكە تېگىشلىك ھېچنېمە يوقتۇر ،
قانغۇدەك سۆيۈشكەن ئاخشامدىن بۆلەك .
يامشار پىراقنىڭ رەزىل كېچىسى ،
ئاھ، سېنىڭ بويۇڭدۇر سۇۋادان تېرەك .

مەن چالغان نەي بىلەن سەندىكى جاڭگال ،
ئېچىلىپ كەتكەندە بىر تال چوغلۇقتەك .
ئاھ مېنىڭ شېئىرسىز ئۆتكەن كۈنۈمدەك ،
سۆزۈم شۇ: دۇنيادا پەقەت سەن كېرەك .

مۇھەررىر: تۇرسۇن قۇربان كۈلپىتى
ئېلخەت: kvlpiti@126.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





◉ توماس خوپپر (گېرمانىيە)

# زوردۇن سابىر بىلەن تونۇشۇش

ئۇ 1984 ـ يىلىنىڭ بىر كۈنى ئىدى. مەن تۇرپاندا تەلىمگە تاسادىپىي زوردۇن سابىر ئەپەندى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. بىز كونا مېھمانخانىنىڭ ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدىكى ھويلا تېمىغا يۆلەپ قويۇلغان تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق. بىر توپ يالىڭاچ باللار بىزگە قىزىقىپ ئەتراپىمىزنى ئورىۋالدى. ئاڭلىسام زوردۇن سابىر يازغۇچى ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا شۇنداق دېدىم:

— زوردۇن ئەپەندى، ئۇزۇندىن بېرى مەن ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى تەرىپىدىن دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەرنى كۆرۈشنى ئويلاپ يۈرەتتىم. ئادەتتە، بۇنداق ئەسەرلەرنى پەن ـ تېخنىكا ژۇرناللىرىدا ياكى باشقا كىتابلاردا ئۇچراتقىلى بولمايدۇ، خەنزۇ يازغۇچىلىرىمۇ بۇنى يازمايدۇ. شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى يازىدىغان يازغۇچىلار بارمۇ؟

— بار، — دېدى زوردۇن ئەپەندى گېپىمگە جاۋابەن، — مەن دەل ئەنە شۇنداق دېھقانلار تۇرمۇشىنى يازىدىغان يازغۇچى.

گەپ مەن ئويلاپ باقمىغان يەردىن چىقتى، ھەممە يەردە قاتراپ، ئىزدەپ تاپالماي يۈرگەن ئادەم ھازىر مېنىڭ كۆز ئالدىمدا تۇراتتى، مەن بىلەن بىللە ئولتۇراتتى…

ئادەتتە، مەن ئۇچراتقان خەنزۇچە ماتېرىياللارنىڭ كۆپىنچىسىدە دېھقانلار تۇرمۇشى ئەمەس، شىنجاڭنىڭ، بولۇپمۇ تارىمنىڭ جۇغراپىيەلىك ئەھۋاللىرى تەسۋىرلەنگەن. مەسىلەن، تارىم دەريا تۆزلەڭلىكى، دەريا ئېقىنى، ئېقىن مىقدارى، توغراقلىقلارنىڭ كېسىلىشى، تۇپراقنىڭ شورلىشىشى، قۇملىشىشى، شامالدا قاغجىرىشى… شۇنداقلا ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى، مەھسۇلاتنىڭ ئېشىشى قاتارلىقلار بار ئىدى. ئەمما بۇ رايوندا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى ھەمدە تارىخىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتى جەريانىدىكى ئۆزگىرىشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلەرنى ئىنتايىن ئاز كۆرگەندىم.

دېمەك، ئۆزۈم ئىزدەۋاتقان كىشىنى ئاخىرى تاپقاندىم، زوردۇنمۇ ئۆزى ئىزدەۋاتقان ئادەمنى تاپقاندى.

1985 ـ يىلى زوردۇن بىلەن يەنە بىر قېتىم ئۇچراشتىم. ئۇ شىنجاڭنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ئەھۋالى تەسۋىرلەنگەن بىر ئەسەر يېزىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ رۇسچە ۋە خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن بەزىبىر نامىلارنى ۋە ئۇقۇملارنى توپلاپتۇ. گەرچە مەن بۇ ھەقتە كۆپ بىلمىسەممۇ يەنىلا چامامنىڭ يېتىشىچە بۇ تېمىغا ئائىت چۈشەنچىلەرنى يېشىپ بېرىشكە تىرىشتىم.

ھېلىمۇ يادىمدا، ئۇ كۈنى كەچ تۇرپان مېھمانخانىسىدا زوردۇننىڭ شىبە يازغۇچى دوستى گىتارنى قولىغا ئېلىپ مۇزارتنىڭ «سېناردا» مۇزىكىسىنى چېلىپ بەردى. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، مەن تۇرپاندا ئولتۇرۇپ گېرمانىيەدە ئانچە چېلىنمايدىغان بۇ كۈيدىن ئۆزگىچە ھۇزۇر ئالدىم.

زوردۇننىڭ ئۈرۈمچىدە نۇرغۇن دوستلىرى، تونۇشلىرى بولسىمۇ ئۇ دائىم سىرتلاردا يۈرىدۇ، تۇرمۇش ئۆگىنىدۇ. ئۇ خىزمەت ۋاقتىدا ئىش ئورنىدا بولمىسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئۇ شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى، گەرچە مائاشى يۇقىرى بولمىسىمۇ ئۇنىڭ كاماندۇرۇپكا ۋە كىتابلىرىنىڭ نەشر قىلىنىش خىراجىتىنى يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

زوردۇن تۇرمۇش ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۇزۇن مۇددەت شەھەر ـ يېزىلارغا چۆكىدۇ، خىلمۇخىل ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىن ھېكايىسىنىڭ خام ماتېرىيالىنى توپلايدۇ. بۇ ھېكايىلەرگە جەمئىيەت تەكشۈرۈش ئەھۋالى ۋە سىياسىي نوقتىئىنەزەرلەرنى ئارىلاشتۇرىدۇ. ئادەتتە سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈش، يولغا قويۇلۇۋاتقان سىياسەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشى كۆپ ھاللاردا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلەتتى، ئۇيغۇر يېزىلىرى بۇ ئەسەرلەردە تېخىمۇ جانلىق ئىپادىلىنەتتى.

«خەيرلىك ئىش» زوردۇننىڭ 1982 ـ يىلى «مىللىي يازغۇچىلار» ناملىق ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان پوۋېستى. ئۇنىڭ بۇ پوۋېستىدا ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغان بىر ياش دېھقاننىڭ كەچۈرمىشلىرى يېزىلغان بولۇپ، بۇ دېھقاننىڭ ئۈزۈم ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت بىر خىللا ئىشتىن رايى يېنىپ كېتىدۇ. ئۇ دادىسى ۋە ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ، تەۋەككۈلچىلىك بىلەن سودا قىلغىلى ياقا يۇرتلارغا كېتىدۇ ۋە تېزلا ناھايىتى كۆپ پۇل تېپىپ باي بولۇپ كېتىدۇ. بىراق، بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇ ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى قانۇن تورىغا چۈشۈپ قالىدۇ، قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۇ پۇشايمان قىلىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ دادىسى ئالەمدىن ئۆتىدۇ. بوۋاي ھايات چېغىدا ئۇنىڭغا ھېچقانداق مىراس قالدۇرمايدۇ. ئۇ ئەسلىدىكى

كىچىك ھويلىسىغا كىرىپ كېلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئايالى ئۇنى قارشى ئالمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خالىماي بالىسىنى تاشلاپ قويۇپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ.

بۇ پوۋېست ئەركىن سودا يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى يېزىلغان. بۇ ئەركىن سودىنى ياقلىغانلىق بولسىمۇ زوردۇن يەنىلا تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن پېشقەدەم دېھقاننىڭ يەرگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ۋە كېلىنىنىڭ ئەمگەكچانلىقىنى مەدھىيىلەيدۇ. ئۇ بۇ پوۋېستىدا مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى ئورۇنلاشتۇرغان: بىر تال ئۈزۈم يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ، پېشقەدەم دېھقان ئۈزۈمنى ئېلىپ يەۋېتىدۇ ۋە ئوغلىغا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سەن بۇ ئۈزۈمنى ماڭا بەرگەن بولساڭ مەن قەتئىي يېمىگەن بولاتتىم. ئۇ يەرگە چۈشۈپ توپىغا مىلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ يەنىلا پاكىز. دۇنيادا تۇپراقتىن پاكىز يەنە قانداق نەرسە بار؟ پۇل، ئادەم، نازۇ - نېمەت، ئەتىرگۇل... قاتارلىقلار گەرچە ناھايىتى قىممەت بولسىمۇ ھەممىسى تۇپراقتىن ھاسىل بولغان. كىم تۇپراقنى قەدىرلىمىسە شۇ ياشاشنى بىلمەيدۇ...» بۇ پېشقەدەم دېھقان تۇپراق ئۈچۈن ھەممە نەرسىسىنى تەقدىم قىلىدۇ. ئۇنى ئاسرايدۇ، ئۇ ئۈزۈمچىلىك كەسپىدە نەتىجە قازانغان بولسىمۇ، كەنتتىكى باشقا دېھقانلارغا ئوخشاش سىرتقى دۇنيادىن ئايرىلغان ئۆزگەرمەس بىر مۇھىتتا ياشايدۇ.

«سۈبھى» بولسا زوردۇننىڭ «مىللىي يازغۇچىلار» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان يەنە بىر پوۋېستى. ئۇ بۇ پوۋېستىدا ئالاھىدە ماھارىتى بىلەن ئىسلام دۇنياسىدىكى ھۆرلۈككە ئىنتىلگەن بىر ئايالنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان.

سۈبھىنىڭ ئاپىسى ئەسلى ئېلى ۋادىسىدىكى مەلۇم بىر ناھىيەنىڭ كادىرى. ئۇ ياش ۋاقتىدا بىر يېزا ئىگىلىك تېخنىكى (ئاگرونوم) نى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنىڭدىن ھامىلدار بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ دادىسى قىزىدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى بايقىغاندىن كېيىن ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. ئۇ مۇساپىر بولۇپ شەھەرگە كىرىدۇ. ئۇنى بىر ئاق كۆڭۈل بوۋاي پاناھىغا ئالىدۇ. كېيىن ئۇ قىزى سۈبھىنى تۇغىدۇ. نۇرغۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن بويىغا يەتكەن سۈبھى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىر دېھقانچىلىق مەيدانىغا تېخنىك بولۇپ تەقسىم قىلىنىدۇ. ئۇ بۇ يەردە ئۆز دادىسى بىلەن بىللە خىزمەت قىلىدۇ. لېكىن ھەر ئىككىلىسى ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىلمەيدۇ، خىزمەت جەريانىدا ئۇلار بيوروكراتلىق خاھىشلاردىن نارازى بولىدۇ. ئۇلار قاشقا بىدە بىلەن بۇغدايىنى ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش ئارقىلىق بۇغداي مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. خىزمەتتىكى بىردەكلىك ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ پەۋقۇلئاددە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرسىمۇ ئەمما ئۇلار يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئاتا - بالا ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە ھېسسىيات سەۋەبسىزلا پەيدا بولغانمۇ؟ بۇ ئۆيلەنمىگەن دادىسىنىڭ قىزىغا بولغان مۇھەببىتى ئۆز ۋاقتىدىكى مەشۇقىغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ ئىپادىسىمۇ؟!...

ئېتىراپ قىلىمەنكى بۇ پوۋېستتىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى تازا دېگۈدەك چۈشىنەلمىدىم. مەن ئۇچراتقان ئۇيغۇرلار كەسكىنلىك بىلەن ماڭا مۇنداق دېيىشتى: «بۇنداق ئىشلار شىنجاڭدا يۈز بەرمەيدۇ.» ئۇنداقتا، بۇ قانداق بولغىنى؟

«ئامەت» — ساتىرىك ھېكايە. ئۇنىڭدا 1949 - يىلى خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن سىياسىي جەھەتتىن ھەمكارلاشقۇچىلار ئارىسىدىن ئۆستۈرۈلگەنلەرنىڭ سىياسەتنى يۈرگۈزۈش جەريانىدا سوبېكتىۋىزىمدا چىڭ تۇرىۋالىدىغان، دېھقانچىلىقتا ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان خىزمەت ئىستىلى مەسخىرە قىلىنغان.

ھېكايىدىكى كەنت كادىرى رازاق نازارەت قىلىش ۋە رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارىم بار دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويىدۇ. زوردۇن بۇ ھېكايىسىدە يەنە بىر ئەقىللىق پېشقەدەم دېھقاننىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، رازاقتىن ئىبارەت بۇ كەنت كادىرى بىلەن سېلىشتۇرما قىلىدۇ. بۇ پېشقەدەم دېھقانغا ھېچنېمە ئۈنمەيدىغان تولىمۇ شورلۇق يەردىن خېلى كۆپ تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ. بۇ يەر ناچار بولغاچقا قوشنىلىرىمۇ ئۇ يەرنى تالاشمايدۇ.

پېشقەدەم دېھقان بۇ يەرگە شورغا چىداملىق تاۋۇز تېرىيدۇ ۋە شۇ يىلىلا ناھايىتى ياخشى ھوسۇل ئالىدۇ. ئۇ تاۋۇز سېتىپ بىر نەچچە يىللىق خىراجىتىگە يەتكىدەك پۇل تاپىدۇ، ئەكسىچە رازاقنىڭ سىياسىي رولىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭغا بۆلۈنگەن يەردىن چىققان مەھسۇلاتنى تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق شۇ چاغدىكى سىياسەت يەنىلا ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنى قۇرۇشقا مەجبۇرلايدۇ. چۈنكى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى قۇرۇلسىلا رازاققا ئوخشاشلارنى ئەترەت باشلىقلىقىغا ئورۇنلاشتۇرغىلى بولاتتى.

«كەلگۈسىدە مەن كىمنى باشقۇرىمەن؟ — رازاق ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەچ دەيدۇ، — بىشەك (ھېلىقى پېشقەدەم دېھقان)تەك نەرسىلەر توغرىسىدا باش قاتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تەرەققىي قىلىش يولىنى توساش كېرەك!»

كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى سىياسەتتىن ئىبارەت بۇ نۇقتىغا باغلىنىپ قالغان. رەھبەرلىك قىلغۇچىلار بولسۇن ۋە رەھبەرلىك قىلىنغۇچىلار بولسۇن ھەممىسى شۇنداق.دېمەك يوقىرىقىلار، بىر خىل ئۇزۇن مەزگىللىك تىنچسىزلىقنىڭ ئاملى بولۇشى مۇمكىن.

(بۇ ماقالە ئەسلى سابىق غەربىي گېرمانىيىدە نەشر قىلىنىدىغان «يېڭى جۇڭگو» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىلى 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان. كېيىن خەنزۇچە «مىللىي يازغۇچىلار» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 35 - سانىغا بېسىلغان. تەرجىمە قىلغۇچى: ماھىرە ئېرشات)

مۇھەررىر: روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ قاشتاش
ئېلخەت: rozimuhemmet@qashtash.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئابلەت ياسىن بابا

# «ئابدە»نىڭ تەرەققىيات يولى



يېقىنقى بىر نەچچە يىللىق تەرەققىيات سەۋىيەسىدىن قارايدىغان بولساق
دىيارىمىزدا مىللىي كارخانىلارنىڭ رىقابەت ئۇنىۋېرسال كۈچى بارغانسېرى
ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ. زامانىۋى باشقۇرۇش ئېڭىغا ئىگە كارخانىچىلار مەي-
دانغا چىقىۋاتىدۇ. كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى مىللىي ئىستېمال چەمبى-
رىكىدىن ھالقىپ، گەرچە كۆلەملىك بولمىسىمۇ دەسلەپكى ھالەتتە ئومۇمىي
ئىستېمال توپىنىڭ تاللىشىغا ئېرىشىش قەدىمىنى بېسىۋاتىدۇ. نۇرغۇن شىر-
كەتلىرىمىز نۆۋەتتىكى تەرەققىيات پۇرسەتلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ۋە ئۇنىڭ-
دىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۆز تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىپ، ئىقتىسادىي ۋە
ئىجتىمائىي جەھەتلەردىن زور ئۇتۇق قازاندى. بۇنىڭغا مىسال سۈپىتىدە
شىنجاڭ ئابدە بىيو پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنى تىلغا
ئېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

## تۇنجى قەدەم

ئىچىملىك ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ماركا — «ئابدە» شىركىتىنى
دىيارىمىزدىكى تەرەققىياتى بىر قەدەر ئوچۇقلۇق كېتىۋاتقان كارخانىلارنىڭ
بىرى دېيىشكە بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئابدە ماركىسى دىيارىمىز ئىچىملىك ساھە-
سىدە ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان ماركىغا ئايلاندى. شىنجاڭ ئابدە بىيو پەن - تېخ-
نىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى ئىچىملىك ساھەسىنى ئاساس قىلغان شىر-
كەت بولۇپ، ئاز كەم ئون يىلغا يېقىن تەرەققىيات مۇساپىسى ئارقىلىق
دىيارىمىز ئىچىملىك ساھەسىدە باشلامچى كارخانىغا ئايلاندى. ئۆزگە-
چە كارخانا مەدەنىيىتى ۋە خاس باشقۇرۇش ئەندىزىسى بىلەن را-
يونىمىز ئىچىملىك ساھەسىدە چولپان شىركەتكە ئايلانغان شىنجاڭ ئا-
بدە بىيو پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى 2006 -
يىلى 12 - ئايدا قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇھىم تۈگۈن، يېڭى
يىپەك يولى ئىقتىسادىي بەلبېغىدىكى مەرۋايىت شەھەر ئۈرۈمچىدە ئەنگە ئالدۇرۇلغان بولۇپ، شىركەت دەسلەپتە 30 كە-
ۋادرات مېترلىق ئىشخانا، ئۈچ نەپەر خىزمەتچى خادىم بىلەن
ئىش باشلىغان، شىركەت قۇرۇلۇپ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە
كىچىكلىكتىن زورىيىپ، بىر خىل مەھسۇلات ئىشلەپچىقى-
رىشتىن كۆپ خىللاشقا قاراپ يۈزلىنىپ، ئىچىملىك تەت-
قىقاتى، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش ۋە سېتىشتىن كېيىنكى
مۇلازىمەت بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن زامانىۋى كارخانا
باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى ياراتتى. ئاز كەم ئون يىللىق
تەرەققىيات ئارقىلىق ئابدە شىركىتى ئۈچ زاۋۇت،
300 دىن ئوشۇق خىزمەتچىگە ئىگە كۆلەملىك كار-
خانىغا تەرەققىي قىلدى. شىركەت مىللىي ئەنئەنىگە
ۋارىسلىق قىلىپ، زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش تېخنى-

كىسىنى قوللىنىپ، خەلقىمىزنىڭ ئىچىملىك ئادىتى ۋە تەم سەزگۈسىگە لايىقلاشتۇرۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىلغان بىر يۈرۈش ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ ھۆرمەت تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە. شىركەت قۇرۇلغاندىن باشلاپ ئىزچىل ھالدا سۈپەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، مەھسۇلات تۈرلىرىنى ئەلالاشتۇرۇپ ۋە كۆپەيتىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال خىزمەت قابىلىيىتى ۋە ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، سۈپەت ۋە ساپا ئارقىلىق شىركەت ئوبرازىنى تىكلەشنى باش نىشان قىلغان ئاساستا سېتىشنى ھالقا قىلىپ، پۈتۈن رايونىمىزنى تولۇق قاپلىغان، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگىچە كېڭەيگەن، چەت ئەللەرگە يۈزلەنگەن سېتىش تورىنى بارلىققا كەلتۈردى.

دىيارىمىزدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن كارخانىچى، شىنجاڭ ئابدە بىيو پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ لىدېرى، جۇڭگو خەلقئارا سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ياش كارخانىچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەت بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سودا ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزاسى ئوبۇلھەسەن روزى خوتەن دىيارىدا تۇغۇلۇپ باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز يۇرتىدا تاماملىغاندىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى بولغان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش جەريانىدا ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى ياخشى ئۆگىنىش بىلەن بىللە يەنە قەلبىگە يۈكسەك ئارمانلارنى پۈكۈپ، كەلگۈسى ئىگىلىك تىكلەش نىشانىغا، ئارزۇلىرىغا تەييارلىق قىلىپ، ماركا ئەنگە ئالدۇرۇش، سودا نىشانىنى بېكىتىش جەھەتلەردىكى دەسلەپكى ئىشلارنى تاماملىغان ۋە دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا شىركەت، سودا ۋە ئىقتىسادقا ئالاقىدار بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، ئۆزىدە مۇئەييەن ئاساس تىكلىگەن، رايونىمىز ۋە ئىچكىرىلەردە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق 2006 - يىلى ئۆز نىشانى بويىچە سودا ساھەسىگە قەدەم قويۇپ دەسلەپكى قەدەمدە ئۈرۈمچى شەھىرىدە شىنجاڭ «ئابدە بىيو پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى»نى قۇرۇپ چىققان. ئۇ ئۈزۈلمەي تىرىشىش، جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق بۈگۈنكى كۈندە ئابدە شىركىتىنى دىيارىمىز ئىچىملىك ساھەسىدىكى باشلامچى كارخانىغا ئايلاندۇردى. ئوبۇلھەسەن روزىنىڭ ئۇچۇرغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، بازار كۆزىتىشكە ماھىر، قارار چىقىرىشتا ئەستايىدىل بولۇشتەك پوزىتسىيەسى ئۇنىڭ داۋاملىق ئۆگىنىش، ئىزدىنىش روھى بىلەن بىرلىشىپ ئابدە شىركىتىگە ساغلام بولغان تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تەمىن ئەتتى. ئوبۇلھەسەن روزى ئابدىگە خاس كارخانا مەدەنىيىتى ۋە باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ، ئۇ زامانىۋى باشقۇرۇش ئەندىزىلىرىنى مىللىي كارخانىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە رېئاللىقى بىلەن ماسلاشتۇرۇش، مىللىي كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەندىزە تىكلەش جەھەتلەردە كىشىنى قايىل قىلىدىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئوبۇلھەسەن روزىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە يېتەكلىشى بىلەن ئابدە شىركىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، دىيارىمىز ئىچىملىك ساھەسىدە يېتەكچى رول ئوينايدىغان، ئۈچ زاۋۇت، بىر سېتىش شىركىتىگە ئىگە غوللۇق كارخانىغا ئايلاندى.

ئوبۇلھەسەن روزى بىر كارخانىچى بولۇپلا قالماستىن ئۇ يەنە كۆزگە كۆرۈنگەن پائالىيەتچى، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق خەيرى - ساخاۋەت ئىشلىرىنىڭ ئاكتىپ قوللىغۇچىسى. «ئابدە ئوقۇش ياردەم فوندى» — ئوبۇلھەسەن روزى ئەپەندىنىڭ ئۆزى بىۋاستە رىياسەتچىلىك قىلىشى ئاستىدا رويابقا چىققان، ئائىلىسىدە ھەقىقىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۇلىنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم ئوقۇشىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىدىغان پاراۋانلىق پائالىيىتى. شىركەت بۇ پائالىيەت ئۈچۈن ھەر يىلى 200 مىڭ يۈەن ئاجرىتىدۇ. ئۇ يەنە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق ئاخبارات ئورگانلىرى ئورۇنلاشتۇرغان ھەرخىل ئىجتىمائىي پاراۋانلىق پروگراممىلىرىغا ئاكتىپ قاتناشتى ھەمدە زور مەبلەغ بىلەن قوللىدى، جەمئىيەتتىكى ئىشسىزلىق مەسىلىسى ۋە ئۇنى ھەل قىلىش، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىگىلىك تىكلىشى قاتارلىق تېمىلاردا پروگراممىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، توغرا ئىدىيەنى تەشۋىق قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ياخشى باھاسى ۋە ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى.

ئابدە شىركىتى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ خوتەن ناھىيەسىنىڭ تەۋەككۇل يېزىسىدا چوڭ تىپتىكى ئىللىقلىق يەتكۈزۈش پائالىيىتى ئورۇنلاشتۇرۇپ، كىيىم - كېچەك، ئوقۇش ماتېرىياللىرى ۋە ئوقۇش ئەسلىھەلىرى ياردەم قىلدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، گۇما ناھىيەسىدە «مېھىر - شەپقەت» پۇل ئىئانە قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۆسمۈرلەرگە نەپ يەتكۈزۈش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەير - ساخاۋەت ئۇيۇشمىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىئانە قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

ئوبۇلھەسەن روزى 2013 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق شىنجاڭ — تەڭرىتاغ تورى تەرىپىدىن «شىنجاڭ تۇنجى قېتىملىق تور مەدەنىيەت بايرىمى: ئىلغار ئاتا» شەرىپىگە ئېرىشتى. ئۇ يەنە ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «ئىگىلىك تىكلەش سەھنىسى»نىڭ باھالىغۇچىلىقىغا، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «ئىستىقبال سەھنىسى» ۋە «شېرىن چۈش» قاتارلىق پروگراممىلارغا ئالاھىدە تەكلىپلىك مېھمان سۈپىتىدە قاتنىشىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە قاناللىرى، ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ ئىشچىلار گېزىتى، ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى، شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى قاتارلىق نوپۇزلۇق ئاخبارات ئورۇنلىرىدا خەۋەر قىلىنىپ جەمئىيەتتە ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

## ماركا ۋە تەرەققىيات

دىيارىمىزدا ئابدەنىڭ قاپلىنىش دەرىجىسى ھەقىقەتەن ئادەمنى قايىل قىلىدۇ، ئابدە ماللىرىنى ئەڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردىمۇ بىمالال ئۇچرىتالايمىز. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئابدە ماركا تونۇتۇش، كارخانا ماركا ئوبرازىنى تىكلەش جەھەتتە زور ئۇتۇق قازاندى. ئابدە ماركىسنى دىيارىمىز كارخانىچىلىقىدىكى يەنە بىر نەمۇنە دېسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ.

نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا ماركا شىركەتنىڭ جېنى. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ماركىنىڭ ئەمەلىي قىممىتىگە سەل قارىلىدۇ ياكى ماركا ئېلىپ كېلىدىغان رېئال ئۈنۈمگە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمەيدۇ. ماركا كارخانىنىڭ شەكىلسىز مەبلىغى بولۇپ، ئۇ شىركەت يۇمشاق كۈچىنىڭ نامايەندىسىدۇر. ئابدە شىركىتى بۇ جەھەتتە بىر قەدەر بالدۇر قەدەم ئالغان شىركەتلەرنىڭ بىرىدۇر. ئابدە شىركىتى تەرەققىيات جەريانىدا ئىزچىل ھالدا مەھسۇلات بىلەن ماركا قىممىتىنى تەڭ تۇتۇپ ماڭغان بولۇپ، ماركا ئوبرازىنى تىكلەش، ماركىنى قوغداش جەھەتلەردە ناھايىتى كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، مەخسۇس خادىم ۋە مەبلەغ ئاجرىتىپ ماركىنىڭ ئىناۋىتىنى تىكلەش خىزمىتىنى ئىشلىدى.

ئابدە ماركىسىنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە كېلىشىنى شىركەتنىڭ ئۈچ قېتىملىق چوڭ تەرەققىي قىلىش جەريانى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

1 ـ باسقۇچ: ماركىنىڭ ئەنگە ئېلىنىپ ئابدە شىركىتىنىڭ قۇرۇلۇپ مانگو شەربىتى نامى بىلەن بازارغا كىرىشى. بۇ ئابدەنىڭ ئەڭ دەسلەپ ئىستېمالچىلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈشى شۇنداقلا تۇنجى ئېتىراپقا ئېرىشىشى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئابدە مانگو شەربىتى سۈپەتلىكلىكى ۋە تەمىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن ناھايىتى زور ئالقىشقا ئېرىشكەن بولۇپ، ئابدە ماركىسى خەلق قەلبىدە سۈپەتلىك، ئىشەنچلىك دېگەن يوشۇرۇن ئاڭنى تۇرغۇزغان. شىركەت بۇ جەرياندا نۇقتىلىق ھالدا ئابدە ماركىسىنىڭ سۈپەت كۆرسەتكۈچىگە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، شىركەت قىممىتى بىلەن ماركا قىممىتىنىڭ تەڭپۇڭ تەرەققىياتىغا كۈچ چىقارغان.

2 ـ باسقۇچ: خوتەن ئابدە يېمەكلىك تەرەققىيات شىركىتى ۋە خوتەن ئابدە ئورالما ماتېرىياللار چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى ئابدە ماركىسىنىڭ يەنىمۇ بىر قەدەم تىكلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئابدە مەھسۇلاتلىرى، ھەتتا بوتۇلكىلىرىمۇ مۇستەقىل ئۆز زاۋۇتىدا ئىشلەنگەن بولغاچقا ئىستېمالچىلارنىڭ كۈچلۈك ئالقىشىغا، تېخىمۇ كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشىپ، ماركىنىڭ تونۇلۇش دەرىجىسى ۋە قايىل قىلىش كۈچىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈردى. ئابدە مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپىيىپ، ھەرخىل قاتلامدىكى ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتى. خەلق ئابدەگە ئىشەنچ قىلىدىغان، ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىدىغان بولدى. بۇ ۋاقىتتا ئابدە ماركىسى دىيارىمىز ئىچىملىك ساھەسىدىكى بايراقدار ماركىغا ئايلاندى.

3 ـ باسقۇچ: ئابدە سودا سۈيىنىڭ بازارغا سېلىنىشى ئابدە ماركىسىنىڭ بۈگۈنكىدەك قىممىتىنىڭ يۇقىرى پەللىگە يېتىشى ھېسابلىنىدۇ. ئابدە شىركىتى سودا سۈيىنىڭ تەمىگە زور تەڭشەش ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى ئاممىۋىلاشقان ئىچىملىك قىلىپ بازارغا سالدى ۋە مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇتۇق قازاندى. ئابدە ماركىسى رايونلۇق ماركا بولۇشتىن ھالقىپ پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلەنگەن، ئۆزىمىزدىن ھالقىپ، قېرىنداش مىللەتلەرگىچە سىڭىپ كىرگەن داڭدار ماركىغا ئايلاندى. نۆۋەتتە ئابدە ماركىسى سودا سۈيىنىڭ ئالماش سۆزىگە ئايلىنىپ قالدى. نەگىلا بارمايلى، قانداقلا دۇكانغا كىرمەيلى ئابدە سودا سۈيىنى بەمالال ئالالايدىغان بولدۇق. سودا سۈيى تىلغا ئېلىنسا كىشىلەر ئەڭ بېشىدا ئابدە دېگەن ماركىنى ئەسكە ئالىدىغان بولدى. بۇ باسقۇچ ئابدە ماركىسىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ مۇھىم كۆرسەتكۈچىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. سودا سۈيى ئارقىلىق ئابدە ماركىسىنىڭ قىممىتى يەنە بىر قەدەم ئۆستى، تونۇلۇش دەرىجىسى يەنە بىر قەدەم يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇ باسقۇچ ئەمەلىيەتتە ئابدە شىركىتىنىڭ دىيارىمىز ئىچىملىك ساھەسىدىكى باشلامچىلىق ئورنى تىكلەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدىغان بىر مەزگىل ھېسابلىنىدۇ.

## تەرەققىيات گۇۋاھچىلىرى

ئىستېمالچىلار ئابدە شىركىتىگە ھەر تەرەپتىن ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئاممىۋى پىكىر يۆنىلىشىگە نەزەر سالىدىغان بولساق ئابدە شىركىتىنىڭ زاۋۇتلىشىش قەدىمى ئىستېمالچىلار ناھايىتى قىزىقىدىغان تېمىلارنىڭ بىرى. بۇ ھەقتە ئازراق ئۇچۇر بېرىش ئابدەنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ چۈشىنىشنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمىدۇر.

توغرا، كىشىلەر ئابدەگە ناھايىتى دىققەت قىلىدۇ، ئابدە ھەققىدە قانداقلا بىر خەۋەر چىقسىلا شىركەت شۇ زامان تور بەت، تېلېفون، پوچتا يوللانمىلىرى دېگەندەك شەكىللەردىكى ناھايىتى كۆپ ئىنكاسلارنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. ھەتتا شىركەتنىڭ يېڭى ئېلانلىرىغا قارىتامۇ ناھايىتى قىزغىن پىكىر بېرىدىغان ئىستېمالچىلارمۇ خېلى بار. بەزىلەر ئۆزى شىركەتكە كېلىپ تەكلىپ بېرىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئىستېمالچىلار نەزىرىدىكى ئابدەنىڭ ئورنىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان مۇھىم كۆرسەتكۈچتۇر. ئابدەمۇ ئىستېمالچىلارنىڭ ئىنكاسلىرىغا ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ، ئىستېمالچىلاردىن كەلگەن تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن لايىقىدا پايدىلىنىدۇ. زاۋۇت قۇرۇش ئەمەلىيەتتە ئاڭ، ئىدىيە، ئىقتىساد، تېخنىكا جەھەتلەردە مۇئەييەن تەرەققىيات باسقۇچىغا بارغاندا ئاندىن تۇتۇش قىلىدىغان ئىش بولۇپ، زاۋۇت قۇرۇش شىركەتلەردىن بازار ئەھۋالىنى پىششىق بىلىش، يېتەرلىك ئىقتىسادى مەبلىغى بولۇش بىلەن بىللە يەنە زاۋۇتتىكى ئۈسكۈنىلەرنى ئوڭۇشلۇق ماڭدۇرۇشتا كېرەكلىك بولىدىغان ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئۈچ نۇقتا زاۋۇت قۇرۇشتىكى مۇھىم نۇقتا ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى ئىككىسى كۆپىنچە شىركەتلەر تەييارلىيالايدىغان ھالقا بولۇپ، كۆپىنچە زاۋۇتلار تېخنىكا ئۆتكىلىدە كەتكۈزۈپ قويىدۇ. ئابدە شىركىتى ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى ۋە بازارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ زاۋۇتلىشىش قارارىنى چىقارغان بولۇپ، شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە زاۋۇت قۇرۇشقا تۇتۇش قىلىدۇ. ھازىر ئابدە شىركىتىگە قاراشلىق ئۈچ زاۋۇت بار بولۇپ، خوتەن شەھىرى جىجياڭ سانائەت رايونىدا زور مەبلەغ بىلەن قۇرۇلغان شىنجاڭ خوتەن ئابدە يېمەكلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى ۋە شىنجاڭ ئابدە ئورالما ماتې-

رىياللىرى چەكلىك شىركىتى شىركەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم نامايەندىلىرىدىن بولۇپ، يۇرۇشلەشكەن ئۈسكۈنە ۋە يۇقىرى تېخنىكىغا ئىگە بۇ ئىككى زاۋۇتنىڭ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى بىلەن ئابدە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈردى. 2015 - يىلى، سانجى ئابدە ئېچىملىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاش ئابدە تەرەققىياتىدا يەنە بىر ئابدە خاراكتېرلىك ئىش بولۇپ، ئابدە شىركىتىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ مۇھىم نامايەندىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. سانجى ئابدە يېمەكلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىگە مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندىكى مەلۇماتلار بۇ شىركەتنىڭ زاۋۇتلىشىش قەدىمىنىڭ دەرىجىسى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىدۇ:

سانجى ئابدە يېمەكلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى 2015 - يىلى 5 - ئايدا سانجى يۇقىرى يېڭى - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى بىلەن مەبلەغ سېلىش كېلىشىمنامىسى ئىمزالاپ، ئومۇمى سېلىنىدىغان مەبلەغ سوممىسى 430 مىليون يۈەن، بىرىنچى - قارارلىق قۇرۇلۇش كۆلىمى 96 مو، ئىككىنچى قارارلىق قۇرۇلۇش كۆلىمى 60 مو، تۇر ئىشلەپچىقىرىش سېخ كۆلىمى 12 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر، تەييار مەھسۇلات ئىسكىلاتى، خام ماتېرىيال ئىسكىلاتى، سوغۇق ساقلاش ئىسكىلاتى، مەمۇرىي خىزمەت بىناسى قاتارلىق مۇكەممەل ئۇل ئەسلىھەلەردىن تەركىب تاپقان. شىركەتنىڭ بىرىنچى قارارلىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانى ئاساسلىقى كاربوناتلىق سودا سۈيى ۋە قىزىق قۇتىلىق ئېچىملىكلەر، ئىككىنچى قارارلىق قۇرۇلۇش پىلانىدا بوتۇلكا ئېغىزى ۋە بوتۇلكا ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى بولىدۇ. قۇرۇلۇش پىلانى تاماملانغاندىن كېيىن يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى كاربوناتلىق ئېچىملىكلەر 1 مىليارد 500 مىليون بوتۇلكا، يىللىق ئومۇمى ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 3 مىليارد 500 مىليون بوتۇلكا بولۇشى مۆلچەرلەنمەكتە. بىرىنچى قارارلىق قۇرۇلۇش 2016 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى پۈتتۈرۈلۈپ، ئەسلىھە قۇراشتۇرۇش، تەڭشەش خىزمەتلىرى تاماملاش مۆلچەرلەنمەكتە. شىركەت ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلۇش تاماملاپ ئىشقا كىرىشكەندىن كېيىن دىيارىمىز مىللىي كارخانىچىلىقتا كاربوناتلىق ئېچىملىك ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى بولماسلىقتا خاتىمە بېرىلىدۇ.

دېمەك، ئابدە توققۇز يىلدا ئۈچ زاۋۇتنى روياپقا چىقاردى. يەنى ھەر ئۈچ يىلدا بىر زاۋۇتنى قۇردى. بۇ ئادەمنى ناھايىتى خۇش قىلىدىغان نەتىجە. شىنجاڭ خوتەن ئابدە يېمەكلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ خوتەن ئابدە ئورالما ماتېرىياللىرى چەكلىك شىركىتى، سانجى ئابدە يېمەكلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ شىركەت ئابدەنىڭ توققۇز يىللىق تەرەققىياتىنىڭ سەمەرىلىرىدىن سانىلىدۇ. بۇ زاۋۇتلار كۆلەم، تېخنىكىلىق سەۋىيە جەھەتلەردە رايونىمىزدا خېلى ئىلغار سانىلىدىغان بولۇپ، نۆۋەتتە مىللىي ئېچىملىك سانائىتىدىكى مۇھىم كۈچ ھېسابلىنىدۇ.

## ئابدە ۋە كارخانا مەدەنىيىتى

ئابدە شىركىتى ھەرجەھەتتىن تەڭپۇڭ تەرەققىي قىلىشقا كۆچەۋاتىدۇ. ئابدەگە خاس كارخانا مەدەنىيىتى يارىتىش ئابدەنىڭ تەڭپۇڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. ھەرتۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر، خەيرى - ساخاۋەت ئىشلىرىدا ئابدە سەپنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ. ئۆزگە خاس كارخانا مەدەنىيىتى بەرپا قىلىشنى شىركەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ بىرى، دەپ قارايدۇ.

كارخانا مەدەنىيىتى ئەمەلىيەتتە كارخانىچىنىڭ قىممەت قارىشىنىڭ ۋاستىلىك ئەكس ئېتىشى بولۇپ، كارخانا ۋە كارخانىچىنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنىڭ مۇھىم ئىپادىسىدۇر. كارخانا مەدەنىيىتى كارخانىنىڭ مۇھىم بولغان يۇمشاق كۈچى بولۇپ، شىركەت ئۇنىۋېرسال كۈچى بىلەن ئۇدۇل تاناسىپ بولىدۇ. نوقۇل ئىقتىسادىي قىممەتنىلا ئويلىشىپ باشقا تەرەپلەرگە سەل قاراش زامانىۋى كارخانا باشقۇرۇش ئېڭىنىڭ تېكلەنمىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. شىركەت تەرەققىي قىلمەن، چوڭىيىپ ھەقىقىي بىر كارخانىغا ئايلىنىمەن دەيدىكەن چوقۇم ئۆزگە خاس كارخانا مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشنى مۇھىم خىزمەت قاتارىدا ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئابدەنىڭ نىشانى پۇل تېپىشلا ئەمەس. بىز ئۇيغۇر كارخانىچىلىقىدا خەلقئارالىق باشقۇرۇش ئۆلچىمىگە ماسلاشقان زامانىۋى شىركەت ئۈلگىسىنى تىكلەشنى ئارزۇ قىلىمىز. ئابدە شىركىتى ئۆزگە خاس كارخانا مەدەنىيىتى يارىتىش جەھەتلەردە ناھايىتى كۈچ چىقىرىپ كېلىۋاتىدۇ. شىركەتنىڭ يۇمشاق كۈچىنىڭ تەڭپۇڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇ يەردە پەقەت ئابدە كارخانا مەدەنىيىتى گېزىتىنى مىسال قىلسىلا ھەممىمىز بۇ نۇقتىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز.

ئابدە كارخانا مەدەنىيىتىدىكى مۇھىم نامايەندە، يېڭى بىر سەھىپە، گۈزەل بىر باشلىنىش «ئابدە كارخانا مۇنبىرى» گېزىتىنىڭ روياپقا چىقىشى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئابدەنىڭ يۇمشاق كۈچىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان كۆچلۈك پاكىتتۇر. ئابدە شىركىتى ئىزچىل ھالدا خىزمەتچىلەرنىڭ مەنىۋى ۋە جىسمانىي ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى شىركەتنىڭ مۇھىم خىزمەتلىرى قاتارىدىن ساناپ كەلگەن بولۇپ، شىركەت رەھبەرلىرى «ساغلام تەندە ساپ ئەقىل» دېگەن ھېكمەت بويىچە، خىزمەتچىلىرىنىڭ مەنىۋىيەتتە كۈچلۈك، جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە. خىزمەتچىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى تېخىمۇ بېيىتىش، ئۇنىۋېرسال ئىلمىي ساپاسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئۇلاردىكى ئىجادىيلىق روھىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇش، خىزمەتچىلەرنى ئىلمىي يېتەكلەش، مەنىۋىيەتكە تويۇنغان كوللېكتىۋىزىملىق كەيپىياتىنى ھېس قىلدۇرۇش مەقسىتىدە، تەرتىپ بويىچە مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى بېجىرىش، ئەستايىدىل تەييارلىق كۆرۈش ۋە ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق «ئابدە كارخانا مۇنبىرى» گېزىتىنى مەيدانغا كەلتۈردى.

«ئابدە كارخانا مۇنبىرى» گېزىتى شىركەتنىڭ ئۆزگىچە كارخانا مەدەنىيىتى ۋە زامانىۋى باشقۇرۇش ئەندىزىسىنىڭ مۇھىم ئىپادىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئابدە شىركىتى بۇ ئارقىلىق ئۆز خىزمەتچىلىرىنىڭ مەنىۋى، ماددىي تۇرمۇشى ۋە ئۇنىڭ يۈكسىلىشىگە ھەرتەرەپلىمە كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئىلمىي ئۇسۇل

www.uyghurkitap.com



ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش، زامانىۋىلىقنى ئىلمىيلىك ئاساسىدا
بەرپا قىلىدىغان ئېسىل ئەنئەنىسىنى يەنە بىر قېتىم نامايان
قىلدى. ئابدە شىركىتى بۇ گېزىت ئارقىلىق ئۆز خىزمەتچىلىرى-
نى تەربىيەلەيدىغان، ئۇلارغا روھىي ئوزۇق بېرىدىغان مۇھىم
كۆزنەك بەرپا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە سىرتقا قارىتا ئۇ-
زىنىڭ ئىلغار، زامانغا ماسلاشقان، دەۋر روھى ۋە ئېھتىياجى
بىلەن تەڭپۇڭلاشقان ئىگىلىك تىكلەش جەريانى ۋە بۇ جەر-
يانلاردا توپلانغان قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى مىللىي كارخانىچى-
لىقتىكى باشقا قېرىنداشلار ۋە مىللىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات
ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، قىزىقىدىغان ھەرساھە قېرىن-
داشلار بىلەن ئورتاقلىشىش، ئۇلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش-
تىكمۇ ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقى ئىگە سەھنە ھېسابلىنىدۇ.

## يېڭىلىق ئىچىدە ئىلگىرىلەش

ئابدە شىركىتى شىركەت باشقۇرۇش جەھەتلەردە خېلى
پىشىپ يېتىلگەن بولۇپ، بۇنى شىركەتنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرى-
نىڭ زىچ گىرەلىشىپ كەتكەنلىكىدىن، شىركەت باشقۇرۇش
جەريانىنىڭ ناھايىتى قېلىپلاشقان، كارخانا تۈزۈمىنىڭ ئەتراپ-
لىقلىقىدىن، خادىملارنىڭ ئىش ئۇنۇمىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن كۆ-
رۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە باشقۇرۇش شىركەتنىڭ تەرەققى-
ياتىنىڭ ساغلام ياكى ساغلام ئەمەسلىكىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى.
زامانىۋى كارخانا باشقۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق شىركەت باش-
قۇرۇش كارخانىچىلارغا نىسبەتەن كۆنمىزدىكى مۇھىم مەسىلە-
دۇر. باشقۇرۇشنىڭ قانداق بولۇشى ئاخىرقى ھېسابتا شىركەت-
نىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. ئابدە شىركىتى بېشىدىن باشلاپلا
شىركەتنىڭ تۈزۈمىنىڭ قېلىپلاشقان بولۇشىغا ناھايىتى ئەھمىيەت
بېرىپ كەلگەن بولۇپ، ئادەم باشقۇرۇش، مالىيە ئىشلىرى،
تېخنىكا جەھەتتىن يۇقىرى مەلۇماتلىق، ئىقتىدارلىق خادىملارنى
تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىپ، شىركەتنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشى
ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى. شىركەت ئىلمىي ئەندىزە ئارقى-
لىق ئادەم ئىشلىتىشنى، تۈزۈم ئارقىلىق خادىم باشقۇرۇشنى ئا-
دەم كۈچى بايلىقىدىن پايدىلىنىشنىڭ پرىنسىپى قىلغان بولۇپ،
ئىقتىدار بىلەن ئادىمىلىك پەزىلەتكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىش،
ئۈنۈمنى ئاساس قىلىش شىركەتنىڭ ئادەم ئىشلىتىشتىكى مۇھىم
پرىنسىپىدۇر. ئابدە شىركىتىنىڭ خادىم قوبۇل قىلىش تەرتىپى
قېلىپلاشقان بولۇپ، شىركەتكە كېلىپ ئىشلىمەكچى بولغانلار
شىركەت بېكىتكەن بىر قاتار ئىقتىدار سىناقلىرىدىن، يۈزتۇرا
ئىمتىھانلاردىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن كىرەلەيدۇ. شىركەتكە
رەسمىي خادىم بولۇپ قوبۇل قىلىنىشتىن بۇرۇن يەنە سىناق
مەزگىلىدىن ئۆتۈشى كېرەك بولۇپ، سىناق مەزگىلىدە شۇ خا-
دىمنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارى كۆرسىتىلىدىغان بولۇپ، شىركەتتە
بۇ ئۆتكەل ناھايىتى چىڭ تۇتۇلىدۇ. سىناقتىن ئۆتكەندىن كېيىن
خادىملار رەسمىي ھالدا شىركەت خادىملىقىغا قوبۇل قىلىنىدۇ،
ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان قىممەتلىك پۇرسەتلەر بىلەن
ئۇچرىشىدۇ، شىركەتنىڭ مائاش، مۇكاپات، ئۇنۇم ئىش ھەققى
دېگەندەك تەمىناتلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. قىسقىسى، ئابى-
دەدە ئىشلەش ئۈچۈن چوقۇم ئەمەلىي ئىقتىدار، كەسپىي ساپا،
پەزىلەت ھازىرلىنىشى كېرەك بولىدۇ.

## خەلقئاراغا يۈزلەنگەن ئابدە

ئابدە شىركىتى رايونىمىزدا كۆزگە كۆرۈنگەن، تەسىر
كۈچى كۈچلۈك كارخانىلارنىڭ بىرى. قازاقىستان، تاجىكىس-
تان، قىرغىزىستان، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، گوللاندىيە قا-
تارلىق بىر قانچە دۆلەت ۋە رايونلاردىن نەچچىلىگەن كارخا-
نىچىلار ئابدەنى ئىزدەپ كېلىپ ئابدە ماللىرىنى ئۆز دۆلىتى-
دە سېتىش ھەققىدە ھەمكارلىشىشنى تەلەپ قىلدى. ئابدە
شىركىتى خەلقئارا بازارغا كىرىشنى شىركەت ئىستراتېگىيەلىك
پىلانىغا كىرگۈزگەن بولۇپ، ئابدە ماركىسىنى دۇنياۋى مار-
كىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن دەسلەپكى قەدەمنى باستى ھەمدە
بۇ ھەقتىكى دەسلەپكى خىزمەتلەردە مۇئەييەن ئۇتۇقلارغا ئې-
رىشتى. ئابدە شىركىتى ئىچىملىك ساھەسىدە بىر قەدەر ئىس-
تىقباللىق دەپ قارىغان ئوتتۇرا شەرق رايونىنى خەلقئاراغا يۈز-
لىنىشنىڭ بىرىنچى بېكىتى قىلىپ بېكىتكەن بولۇپ، دۆلەت سو-
دا مىنىستىرلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا ئىشلىرى نازارىتى
ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇناسى-
ۋەتلىك تەلەپلىرى بويىچە كېرەكلىك ماتېرىياللارنى تەييارلاپ،
سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددەھ شەھىرىدە ئومۇمىي سېلىنىد-
ىغان مەبلەغ سوممىسى 120 مىليون بولغان، مىنېرال سۇ، گاز-
لىق ئىچىملىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلغان «سەئۇدى ئە-
رەبىستان ئابدە يېمەكلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى»نى
قۇرۇش ئىلتىماسىنى سۇنغان بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار
شىركەتنىڭ ھازىرقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى، رىقابەت
كۈچى ۋە ئەتراپلىق تۈزۈلگەن پىلانىغا ئاساسەن چەت ئەلگە
مەبلەغ سېلىش شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ دەپ تەستىقلاپ ئاب-
دە شىركىتىگە «كارخانىلارنىڭ چەت ئەلگە مەبلەغ سېلىش كې-
نىشكىسى»نى بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئابدە شىركىتى شىركەت
يولى ئارقىلىق چەت ئەلگە مەبلەغ سالالايدىغان سالاھىيەتنى
ھازىرلىغان ساناقلىق مىللىي كارخانىلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى.
ئابدە شىركىتى مەخسۇس بۆلۈم تەسىس قىلىپ، چەت ئەللەردە
ئوقۇپ كەلگەن ئىختىساسلىق خادىملارنى تەكلىپ قىلىپ، سە-
ئۇدى ئەرەبىستاندا ئابدە شىركىتىنىڭ تارماق شىركىتىنى قۇ-
رۇش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىۋاتىدۇ. «كارخانىلارنىڭ چەت
ئەلگە مەبلەغ سېلىش كىنىشكىسى»نى ئېلىشى ئابدە تەرەققىيا-
تىدىكى يەنە بىر ئابدە خاراكتېرلىك ئىش بولۇپ، مىللىي كار-
خانىچىلىقنىڭ دۇنياغا يۈزلەنگەن زامانىۋى شىركەت قەدىمىگە
قوشقان تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە كىچىككىنە بىر ئۇ-
چۇرنى يەتكۈزۈشنى لايىق تاپتىم:

ئابدە شىركىتى2016 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن
18 ـ كۈنىگىچە دۇبەي خەلقئارالىق يەرمەنكە مەركىزىدە ئېلىپ
بېرىلغان 8 ـ نۆۋەتلىك دۇبەي ئىچىملىك پەن ـ تېخنىكا
يەرمەنكىسىگە قاتناشقان بولۇپ، يەرمەنكىدە ناھايىتى خۇشال-
لىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

بۇ قېتىملىق يەرمەنكە تەشكىلى كومىتېتى ھەرقايسى شىر-
كەتلەرنىڭ يەرمەنكە جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن ئەمەلىي ئۇ-

نۇمى ۋە ئابدە مەھسۇلاتلىرىنىڭ زىيارەتچىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەنلىكىدەك ئالاھىدە ئەھۋالنى ئەمەلىي، ئىنچىكە، ئادىل باھالاش، ھەر تەرەپلىمە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئابدە سودا سۈيىنى بۇ قېتىملىق يەرمەنكىنىڭ يۇمشاق ئىچىملىكلەر تۈرى بويىچە ئوتتۇرا شەرق ئىچىملىك سانائىتى بويىچە تۆھپىسى ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولغان ئىچىملىك دەپ بېكىتتى. يەرمەنكە تەشكىلىي كومىتېتى بۇ نۆۋەتلىك يەرمەنكىدە توققۇز چوڭ تۈر بويىچە باھالاش ئېلىپ بېرىپ ھەربىر تۈردىن بىردىن كارخانىنى باھالاپ چىقىپ ئالاھىدە مۇكاپاتلىغان بولۇپ، يۇمشاق ئىچىملىكلەر تۈرى بويىچە پەقەت ئابدە سودا سۈيىلا بۇ شەرەپكە ئېرىشتى. ھەمدە شىركەت باشقۇرۇش كېڭىشىنىڭ ئالىي ئەزاسى، شىركەتنىڭ مۇئاۋىن لىدىرى ئابلەت ياسىن ئەپەندى، شىركەت خەلقئارا بۆلۈمى خادىمى ئابلىكىم مەمەت ئىككەيلەن يەرمەنكە تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپى بىلەن 17 ـ ماي كەچتە گىراند ھايات ئالىي مېھمانسارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇكاپات تارقىتىش زىياپىتى ــ گالا كەچلىك زىياپىتىگە قاتناشتى. بۇ كاتتا كەچلىك زىياپەت مۇشۇ قېتىملىق يەرمەنكىدە تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك بولغان شىركەتلەرنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان بولۇپ، شىركەتنىڭ مۇئاۋىن لىدىرى ئابلەت ياسىن ئەپەندىم تەبرىك ۋە تىلەك ئىچىدە سەھنىگە چىقىپ ئەرەب ئاسىيا ئىچىملىك بىرلەشمىسىنىڭ ئىجرائىيە ئەمەلدارى ئابدۇسالام ئەل مەدانى ئەپەندى قولىدىن «تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك بولغان مەھسۇلات ــ ئابدە سودا سۈيى» دېگەن شەرەپ تاختىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. بۇ ئابدە سودا سۈيىنىڭ خەلقئارا سەھنىلەردە ئالقىشلىنىشى ۋە كاتتا شەرەپكە ئېرىشكەنلىكىنىڭ يەنە بىر نامايەندىسى سۈپىتىدە ئابدەلىكلەرنى ناھايىتى خۇشال قىلدى ۋە كۈچلۈك ھاياجانغا چۈمدۈردى. بۇ مۇكاپات دىيارىمىز ئىچىملىك ساھەسىنىڭ يېڭى ئۈتۈقى سۈپىتىدە مىللىي كارخانىچىلىقىمىزغا شەرەپ ئېلىپ كەلدى. سۈپەت ۋە تەم جەھەتتە ئىزچىل باشلامچى بولۇپ كېلىۋاتقان ئابدە مەھسۇلاتلىرىنىڭ خەلقئاراغا يۈزلىنىش قەدىمىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك باستى.

## ئۇتۇق سەھنىسىدىكى «ئابدە»

ئابدە شىركىتى تەرەققىيات جەريانىدا تۈردە يېڭىلىق يارىتىش، توختىماستىن ئالغا ئىلگىرىلەش ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ ئۈزلۈكسىز تىرىشىش ئارقىلىق ئىستېمالچىلارنىڭ ئەلا باھاسىغا ۋە كۆپلىگەن شان ـ شەرەپ، ئېتىراپنامىلەرگە ئېرىشتى. شىركەت 2007 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى تەرىپىدىن «مۇسۇلمانچە مەھسۇلات»، 2007 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جۇڭگو تاۋار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى ئارقىلىق «جۇڭگونىڭ ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتى»، «يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى سۈپەتلىك ئەلا مەھسۇلاتى»، «جۇڭگونىڭ نۇقتىلىق كېڭەيتىلىدىغان مەھسۇلاتى» دېگەن شەرەپلىك نامالارغا، 2007 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جۇڭگو ئىشەنچلىك كارخانىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن «جۇڭگونىڭ AAA دەرىجىلىك ئىشەنچلىك كارخانىسى»، 2011 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايونلۇق مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەر جەمئىيىتىگە ئەزا ئورۇن»، 2011 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتنى مەمۇرى باشقۇرۇش ئىدارىسى تەرىپىدىن «شىنجاڭنىڭ داڭلىق تاۋار ماركىسى» دېگەن كاتتا شەرەپلەرگە ئېرىشتى. شىركەتنىڭ پەخىرلىك مەھسۇلاتى بولغان ئابدە ماندارىن مانگو قۇۋۋەت ئىچىملىكى جۇڭگو ئەقلىي مۈلۈك پاتېنت ئىدارىسى تەرىپىدىن «مەھسۇلات سىرتقى ئورالما قېپى پاتېنت گۇۋاھنامىسى»غا ئېرىشتى. نۆۋەتتە شىركەتنىڭ رويخەتكە ئالدۇرغان تاۋار ماركىسى 30 نەچچە خىل بولۇپ، 2011 ـ يىلى 4 ـ ئايدا دۆلەتلىك نەشر ھوقۇقى ئىدارىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق نەشر ھوقۇقى ئىدارىسى تەرىپىدىن شىركەت ئۆزى لايىھەلىگەن 15 خىل مەھسۇلات ئەسەر ھوقۇقى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى.

## ئاخىرقى سۆز

پۇرسەت ۋە خىرىسقا تولغان ئىقتىسادىي ۋەزىيەتتە كارخانىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتى يىراقنى كۆرەرلىككە ۋە ئەمەلىيەتچانلىققا ئىگە پىلان ۋە ئۇنىڭغا لايىقلاشقان، كارخانا خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرەلەيدىغان ئۆزگىچە كارخانا مەدەنىيىتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. ئۇيغۇر ئىچىملىك سانائىتى ساھەسىگە يېڭىچە ھاياتىي كۈچ قوشۇپ كېلىۋاتقان پەخرى كارخانا ــ ئابدە شىركىتى مەسئۇلىيەتچان، ئۇنىۋېرسال بىلىم ۋە كۈچلۈك ئۇنىۋېرسال ساپاغا ئىگە خادىملار بىلەن قول تۇتۇشۇپ، مىللىي خاسلىقنى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكنى تۇتقا قىلىپ، زامانىۋى كارخانا باشقۇرۇش قەدىمىگە جىپسىلاشقان ھالدا كاربوناتلىق ئىچىملىكنى ئاساس قىلغان، شەربەت تۈرىدىكى مەھسۇلاتلارنى بۆسۈش نۇقتىسى قىلىپ، يەرلىك ئالاھىدىلىك گەۋدىلەنگەن، زامانىۋىلىق مۇجەسسەملەنگەن، دىيارىمىز ئىچىملىك ساھەسىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە مەزمۇت پۇت تىرەپ تۇرالايدىغان، دۇنياغا يۈزلەنگەن، مىللىي يېمەك ـ ئىچمەك ساھەسىدىكى يېتەكچى كارخانىغا ئايلىنىش، مىللىي كارخانىچىلىقتىكى مەدەنىيەت خاسلىقى ۋە ئۆزگىچىلىكى ئەڭ كۈچلۈك شىركەت بولۇش يولىدىكى ئۇزۇن مەزگىللىك ئىستراتېگىيەلىك پىلان ۋە تەرەققىيات نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماستىن تىرىشىۋاتىدۇ.

(ئاپتور: مىللەتشۇناسلىق پەنلىرى دوكتورى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى غەربىي شىمال ئاز سانلىق مىللەتلەر تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەتقىقاتچىسى)

مۇھەررىر: نۇرگۈل روزى
ئېلخەت: 1448746602@qq.com



(بېشى ئۆتكەن سانلاردا)

# ئۈچىنچى شەخس

— بىر چوكاننىڭ ھەقىقىي كەچۈرمىشى

◉ ئابلەت ئابدۇللا

2009 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى (يەكشەنبە)

ئىككى كۈندىن بېرى بالىلىرىم يېنىمدا يوق، يالغۇز قالدىم. كۆڭلۈم بەك يېرىم. ئۇلۇشكۈن ئارزاق ئىشلار سەۋەبلىك ئاپام بىلەن خاپا بولۇشۇپ قېلىپ، بىچارە يۈرەك پارىلىرىمنى دادىسىنىڭ قېشىغا ھەيدىۋەتتىم. ئۆزۈممۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، ھەيدەرگە تېلېفون قىلدىم. ئۇ كۆڭلۈمنىڭ يېرىم ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە چايخانىدا ساقلاپ تۇرۇپتۇ، باردىم، كۆرۈشتۇم، چايخانىنىڭ سۇس يورۇق خالىيخانىسىدا ھەيدەرگە ئەھۋالنى ئېيتىپ يىغلاپ ئىچىمنى بوشاتتىم:

— پەقەت چىدىيالمىدىم، باشقا ياققا كېتىمەن! — دېسەم ئۇ:

— سېنى ھېچياققا كەتكۈزمەيمەن، ساڭا ھەمراھ بولىمەن! — دېدى.

ئۇنىڭ يېنىدا پۇلى ئاز ئىكەن. سوغۇق ئىچىملىككە ئاران يەتتى. ئۇ:

— بۈگۈن قانداق ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سېنى يالغۇز قويمايمەن، ساڭا ھەمراھ بولىمەن! — دەپ تېلېفوننى سېتىپ 300 يۈەن پۇلنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ.

بىز باشقا خالىي جايغا بېرىپ ئولتۇردۇق. ئۇ مېنىڭ تېلېفونۇمنى تاقىتىۋەتتى، خاتىرجەم بولدۇق. ئۇ مېنى راست ياخشى كۆرەمدىغاندۇ يا ئالداۋاتامدىغاندۇ، خۇدا بىلىدۇ... راستىمنى دېسەم بۇ مېنىڭ ئالدىمدا ۋە تۇغقانلىرى ئالدىدا مېنى قوغداپ قالالماي بارلىق ئىشلارنى ماڭا ئارتىپ قويۇپ قېچىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا قانداقمۇ ئىشىنەي!؟... مېنى ياخشى كۆرسە شۇنداق قىلامتى!...

مەن ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىپ مۇھەببەت قاينىمىغا كىرىپ كېتىپ بارىمەن. ئەمما ئۇنىڭ ئاشنىسى بولۇپ قالدىم. بۇ ئاشنىدارچىلىق ئادەمنى ۋەيران قىلىۋېتىدىكەن. مەن ھەممە نەرسەمنى دوغا تىكتىم. ئۇنى دەپ ئائىلەمدىكى قاتتىق ئاھانەتلەرگە، تىل - ھاقارەتلەرگە چىدىدىم. ئېغىر ھادىسىلەرگە ئۇچرىدىم، بالىلىرىمنى خارلىدىم. قايسى بىر كىتابتا:

تەنە ۋە تاپا، دوق ۋە ئاسارەت،
غەم ۋە ئەندىشە كەلسۇن گەر يېتىپ.
ھەتتا ھالاكەت چۈشسۇن بېشىغا،
كېتەلمەس زىنھار ئاشىندىن كېچىپ.

دېگەن ئىكەن، راست، ئادەمنىڭ كۆزىگە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيدىكەن. ھېلىمۇ تەلىيىم بار ئىكەن، ئاشۇ دەھشەتلىك ھادىسىدە ساق قالدىم. ئۇ ياراتقۇچىنىڭ ماڭا بېرىۋاتقان بېشارىتى، جازاسى، ئۇنىڭغا ئارىلىشىپ، پاسكىنا - پاكىز يۈرۈپ جازاغا ئۇچراۋاتىمەن.

ئەمدى بولدى قىلاي، ئەگەر ئۇ مېنى نىكاھىغا ئالمىسا ھەرگىز ئۇنى قوبۇل قىلمايمەن. پاسكىنا پۇللىرى كۆيۈپ كەتسۇن!... بىز يوشۇرۇن نىكاھلىنىپ بىللە بولساق بولىدىغۇ... مەن يىغلاپ تۇرۇپ ھەيدەرگە بۇ ئويۇمنى ئېيتتىم، ئائىلەمدە بولۇۋاتقان جەڭگى - جېدەللەرنى، ماشىنا ھادىسىسىنى...

ھەيدەر ماشىنا ھادىسىسىدىن قورقۇپ كەتكەنىكەن. ئۇ

يوشۇرۇن نىكاھلىنىپ بىللە تۇرۇشقا تەستە ئۇنىدى. بىز شۇ كۈنى ئۇنىڭ ماشىنىدا يېڭى تام يېزىسىغا چىقتۇق ۋە ئۇ يەردە بىر موللىنى تېپىپ نىكاھلاندۇق. بۇنى ئۇچىمىزدىن باشقا ھېچكىم بىلمىدى.

مەن بىر ئاز بولسىمۇ خاتىرجەم بولۇپ قالدىم. ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن قورقماي ئارىلىشىۋاتىمەن. مەيلى بىر يېرىدىن چىقار، ئۇ مېنى ئالدىسۇن ـ ئالدىمىسۇن، ھەممىنى ياراتقۇچى كۆرۈپ تۇرىدۇ.

ھەممىدىن بىچارە باللىرىمغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. ئۇلارنى كەتكۈزۈۋېتىپ كۆڭلۈم شۇنداق بۇزۇلدى. بىچارە قىزىمنى نېمىشقا مۇشۇنداق قىلغاندىمەن؟ جېنىم باللىرىم، مېنى كەچۈرۈڭلار! سىلەرنى شۇنداق سېغىنىۋاتىمەن، جېنىم قىزىم، مېنى كەچۈرۈڭ، مەندەك ئەسكى ئاپىڭىزنى كەچۈرۈڭ... ئەمدى قايتىپ كەلسىڭىز ھەرگىز تىللىمايمەن. سىزنىڭ مەندىن باشقا نېمىڭىز بار، مېنىڭمۇ شۇغۇ؟ مەن كاللىسىدىن كەتكەن دۆت، ئەخمەق ئىنسانغا ئايلىنىپ قالدىم. ھەيدەر مېنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ئائىلەمنى ئەسلىگە كەلمەس قىلىۋەتتى. ئۆزىنىڭ بولۇشچە پوقى تۇرۇپ مەندىن گۇمان قىلىشلىرىچۇ تېخى. جېنىم باللىرىم، بۈگۈن يالغۇز ياتىدىغان بولدۇم. قىزىم، سىز يېنىمدا بولسىڭىز خاتىرجەم ئۇخلايتتىم... بەك چارچاپ كەتتىم. ئەمدى ئارام ئالاي، بەك كەچ بولۇپ كەتتى.

2009 ـ يىل11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى (جۈمە)

«ئېيتمىغىن سىرىڭنى سەن، ھەركىمگە سىرداش ئۆزگىدۇر» دېگەندەك مېنىڭ سىردىشىم مۇشۇ خاتىرەم، مەن ئۇنىڭغا دەرد تۆكمىگىلى ئۈچ ئاي بوپتۇ. بۈگۈن مەن ئۇنى ئەسلەپ يەنە سىرداشقىلى قولۇمغا قەلەم ئالدىم:

نەچچە ۋاقىتلاردىن بۇيان كۆڭلۈم بىر ئاز خاتىرجەم، تۇرمۇشۇم ياخشى ئۆتىۋاتاتتى. ھەيدەر ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە ياخشى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ماڭا ۋاي دەپ كۆڭلۈمگە ئازار بەرمەي كۈندە دېگۈدەك كۆرۈشۈپ تۇردۇق. ھەتتا بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىلالمىغۇدەك دەرىجىدە ئامراقلىشىپ كەتكەندۇق. ئۇ شۇنچىلىك قىلىپ تۇرسىمۇ ئۆتكەندە مېنى تولا ياغاچ قازان قىلىۋەتكەچكە يەنىلا ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىمەن.





يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان تۇرمۇشۇمدا يەنە ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىدى. ھازىر باللىرىمنىڭ دادىسى بىزگە شۇنچىلىك ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. ھەتتا مېنى قىزىم بىلەن ياخشى تۇرمۇش كەچۈرسۇن دەپ ماڭا دورا ساتىدىغان ئىش تېپىپ بەردى. ھەيدەرنىڭ بەرگەن پۇلىدىن باشقا پۇللارنى يىغىپ چايلارنى ئويناپ ئۆزۈمنى خېلى جۆندىۋالدىم. ھازىر كۈنۈم شۇنداق ياخشى. كەيپىياتىممۇ خېلى ئوڭشىلىپ قالدى، بىراق، ئادەم دېگەن داۋاملىق خاتىرجەم ئۆتەلمەيدىكەن.

باللىرىمنىڭ دادىسى ھازىر ئۈرۈمچىدە، ئاپتوبۇس ھەيداۋاتىدۇ، مائاشىمۇ خېلى يۇقىرى ئىكەن، بىچارە بەك بالىجانلىق بولغاچقا باللىرىنى كۆرگۈسى كېلىپ چىدىماي قاپتۇ. ھەتتا «باللىرىمنى ئېلىپ كېلىپ ئويناپ كېتىڭلار!» دەپ نەچچە قېتىم تېلېفون قىلدى. بىراق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاپام خاتا چۈشىنىپ، بىزنى بارغىلى قويمىدى.

مېنىڭمۇ، قاھارنىڭمۇ تۇرمۇشىدا نۇرغۇن ئىشلار يۈز بېرىپ، قالايمىقان بولۇپ كەتتى. ئادەم دېگەن ئاجايىپ نەرسىكەن، يا ئۇنىڭغا چىدىمايدىكەن، يا ياندىكىسىنى قەدىرلىمەيدىكەن. بۈگۈن كۆڭلۈم ناھايىتى پاراكەندە، نېمە بولۇپ قالغىننى بىلەلمىدىم. چۈنكى قاھار ئاخىرى ئېغىز ئاچتى ئۇ: «ئۆيىمىزنى تۇتايلى، ئۇرۇمچىگە كەلگىن، باللارنى بىللە باقايلى!» دېدى. مەن ئۈنمىدىم، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن ياراشسام كېيىنكى تۇرمۇشۇم قانداق بولىدۇ؟! ھەيدەر قانداق قىلىدۇ، ئۇ مېنى دەپ بارلىق نەرسىلەردىن ۋاز كېچىۋاتسا... ئۇ مېنى ئىنتايىن سۆيەرمىش، بۇنىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيمەن...

كۆڭلۈم بۇلۇنۇپ كەتتى. ئەمما، ھەيدەرنى ياخشى كۆردمەن، ئۇنىڭغا يۈزسىزلىك قىلسام بولمايدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن. مەن يەنە خاتالىشىپتىمەن... ئۇ يەنە يالغان گەپ قىلىۋېتىپتۇ. مەن نېمىدېگەن دۆت، ئەخمەق!...

بىلەمسىلەر، بۈگۈن يۈرىكىمنىڭ يېرىمى يىراقلارغا يەنى باللىرىمنىڭ دادىسى تۇرۇۋاتقان ئۇرۇمچىگە كەتتى. مەن قىزىمنى باشقىلار ئارقىلىق دادىسىنىڭ قېشىغا ئەۋەتتۈەتكەنىدىم. ئۆزۈم ئاپىرىشقا پۇرسەت تاپالمىدىم. ئاپىسىدىن ئايرىلىپ قالسا قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقسۇن دەپ ئويلىغانىدىم. تېخى بىر كۈن بولمايلا ئۇنى شۇنچىلىك سېغىنىۋاتىمەن.

بۈگۈن ھەيدەر بىلەن كۆرۈشتۈم. يۈرەك پارىلىرىم يېنىمدا يوق، كۆڭلۈم شۇنداق بۇزۇلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ ئىچىمنى بوشاتماقچى بولدۇم، ئۇ ماشىنىسىنى بىر خالي جايغا توختاتتى. بۇلاقتەك ئېتىلىپ چىققان ياشلىرىمنى ئۇنىڭدىن يوشۇرالمىدىم. شۇنچىلىك قاتتىق يىغلاپ كەتتىم. ئۇ مېنى خاتا چۈشىنىپ قالدى بولغاي ئېرىگە چىدىماي يىغلاۋاتامادىكىن دەپ ئويلاپ قالدى. مەن زادى كىم ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن يىغلىغىنىمنى ئۆزۈملا بىلمەن.

ھەيدەر يالغان گەپ قىلىپ كۆڭلۈمنى ئاغرىتتى. مېنى ئەخمەق قىلدى. ئۇ مېنىڭ ئۆزىگە بولغان سۆيگۈمدىن پايدىلىنىپ مېنى تەكرار بوزەك قىلىۋاتىدۇ..

بىز گەپ تالىشىپ ئايرىلىپ كەتتۇق، مېنىڭ پەقەت چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. مەن ئۇنىڭغا ئەخمەق بولۇۋەرمەيمەن. ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىم گۇناھمۇ، مەن ئاشۇنى دەپ باللىرىمنى ئويلىمىغانىمۇ... كۆڭلۈم بەك يېرىم، ئۆزۈمنى شۇنچىلىك يالغۇز ھېس قىلىۋاتىمەن. مېنى بۇ دۇنيادا ھېچكىم چۈشەنمەيدۇ. دەردىمگە يەتمەيدۇ. مەن ئاشۇنداق شور پېشانە تۇغۇلۇپ قاپتىمەن.

ئۇنىڭ قىلغانلىرىغا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، ئۇ مېنى شۇنچە ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپ يەنە نېمىشقا خوتۇنىغىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇنىمۇ ئالدايدۇ؟ بىز ئايرىلغىلى بەش سائەت بولدى، ئۇ يا تېلېفون، يا ئۇچۇر قىلمىدى. مەن پەقەت: «ئالاقە قىلمايمىز!» دەپ قەتئىي چەك تۇرۇۋالغانىدىم. يەنە نېمىشقا بۇ ۋەدەمگە خىلاپلىق قىلىمەن؟ مەن نېمىدېگەن ياردماس. نېمىشقا بۇنچىلىك ئازابلارغا بەرداشلىق بېرەلمەيمەن... ئاشۇ ئوماق باللىرىمنىڭ دادىسىغا چىدىغان ئادەم نېمىشقا ئۇ يارىماسقا چىدىمايمەن؟ ئاھ خۇدا، مېنى نېمانچە ئاجىز ياراتقانسەن، مېنى نېمانچە قىينايدىغانسەن... جېنىم باللىرىم، مېنى كەچۈرۈڭلار، سىلەرنى سۆيىمەن...

خەير، ئاپام چاقىرىپ كەتتى. سائەت ئون بوپتۇ. ئەمدى ياتاي.

**2009 - يىل 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى (چارشەنبە)**

بەش كۈن ئۆتتى. بۇ بەش كۈندە مەن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدىم. نەۋرە سىڭلىمنىڭ تويىغا باردىم، ئۇ توققۇزتارادا ئىدى. ئۆزۈمنىڭمۇ شۇنداق يىراق يەرلەرگە كەتكۈم، بۇ دەردلەرنى ئۇنتۇغۇم بار ئىدى.

توققۇزتاراغا ماڭىدىغان كۈنى ئەتىگەنلىكى ئۇ ماڭا قولاشمىغان ئۇچۇرلارنى يوللىغىلى تۇردى. مەن جاۋاب قايتۇرمىدىم. ئۇ ئاخىرى چىدىماي تېلېفون قىلدى، ئالمىدىم، يەنە قىلدى، ئامالسىز ئالدىم، يۈرىكىم شۇنداق سىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ماڭا تېلېفون قىلىدىغىنىغا ئىشىنەتتىم. چۈنكى ئۇ ماڭا چىدىمايدۇ. مېنىڭ ئەھۋالىمنى سوراپ ئۇرۇپتۇ. «ياخشى!» دېدىم ھەم ھازىر ئۆزۈمنىڭ يىراق بىر يەرگە جابدۇۋاتقانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ «قەيەر؟» دېدى، مەن دەپ بەرمىدىم، ئۇ «بارماڭ!» دەپ نەچچە رەت ئۆتۈندى، مەن پەرۋا قىلمىدىم، كۆڭلۈم ئۇنىڭدىن شۇنداق ئاغرىغانىدى.

يولدا كېتىپ بارىمەن، ئۇنى بىر مىنۇتمۇ ئۇنتۇمىغانىدىم، ئۇنى شۇنداق سېغىنغان بولسامۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم، ئۇ قانداق بىلدىكى نەۋرە سىڭلىمنىڭ تويىغا بارىدىغانلىقىمنى بىلىپ قاپتۇ، يىراقتىن ھېلىقى كۈنى ئىككىمىز ھادىسىگە ئۇچرىغان يەرنى كۆردۈم، كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولدى، ئۇنى نېمانچە ياخشى كۆرىدىغاندىمەن؟...

ئۇ توختىماي ئۇچۇر قىلاتتى ۋە سېنى ئەكېلىۋالىمەن دەيتتى. مەن ئۇنىمسام ئۇ «چوقۇم چىقىمەن!» دېدى. مەن يەنىلا ئۇنىڭ چىقىشىنى رەت قىلدىم. ئۇنى شۇنچىلىك كۆرگۈم بار بولسىمۇ يەنە ماڭا يالغان گەپ قىلىدۇ، ئالدايدۇ دەپ ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى چەتكە ئالماقچى بولدۇم.

ئۇ ئەتىسى قار ياغقانىغا قارىماي ئەتىگەن سائەت ئوندا توققۇزتاراغا — بىز تۇرغان ئۆيگە يېتىپ كەلدى. ئۇنى كۆرۈپ شۇنچىلىك خۇش بولدۇم. ئۇ ماڭا: «نەگە دېسەڭ شۇ يەرگە ئاپىرىپ ئوينىتىمەن، ئۈرۈمچىگە دېسەڭ ئۇ يەرگىمۇ ئاپىرىپ ئوينىتىمەن!» دېدى. تېكەسكە بېرىپ ئويناپ كەلمەكچى بولدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۆيدىكىلەرگە يالغان ئېيتىپ ئۇنىڭ بىلەن تېكەسكە كەتتىم.

سۆيگۈنۈڭ يېنىڭدا بولسا ئۇزۇن يولدا ماشىنا بىلەن بىللە يۈرۈش نېمىدېگەن پەيزى، نېمىدېگەن رومانتىك! ئاپپاق قارغا كۆمۈلگەن گۈزەل دالا، قارىيىپ تۇرغان ئەينەكتەك تۈز يوللار، بەرگىدىن ئايرىلغان شالاڭلاپ قالغان ئورمانلار، ئاپپاق قازاق ئۆيلىرى، ئېگىز تاغلارنىڭ ئۈستىدە شەرققە كېتىۋاتقان قارامتۇل بۇلۇتلار...

تېكەسكە يېتىپ كەلدۇق، ئۇنىڭغا ئەمدى ئايالى بىلەن سۆزلىشىپ ھەققىي گەپنى مېنىڭ ئالدىمدا دېيىشنى ئېيتتىم. ئۇ شۇ ھامان ئايالىغا: «ئاجرىشىپ كېتەيلى!» دەپ ئۇچۇر قىلدى. ئايالى ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ: «ئۇنداق قىلماڭ، ئارىمىزدا بالا بار، ئۆيىمىزنى تۇتايلى، مەن تىرىشاي...» دەپ ئۇچۇر قايتۇردى. ھەيدەر ئايالىغا: «مەن سېنى ياخشى كۆرمەيمەن، گۈلجامالنى ياخشى كۆرىمەن، سېنىڭ بىلەن ئاجراشقىنىم ئاجراشقان!» دەپ مېنىڭ ئالدىمدا ئۇچۇر يوللىدى. ئايالى تېلېفون بىلەن شۇنچە يالۋۇرسىمۇ ھەيدەر پەسەنت قىلىپ قويمىدى. ئۇ ئايالىغا يەنە تېلېفوندا: «خېتىڭنى ئال، ئاجرىشىمەن!» دېدى ۋە ئۆزىنىڭ مېنىڭ بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئايالى ھەيدەرنىڭ يېنىدا مېنىڭ بارلىقىمنى بىلىپ، ئاخىرى ئاجرىشىشقا قوشۇلدى.

ئايالىنىڭ ھەسرەتلىك يىغلامسىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم بىئارام بولدى. ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئىچىم ئاغرىدى، ھەي بىچارە سەلىمە... ئەمما مۇھەببەت بەك شەخسىيەتچى بولىدىكەن. مەن ھەيدەرنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشەندىم. ئۇ مېنى ئۆزىگە ئىشەندۈرىمەن دەپ چوڭ ئىشقا تەۋەككۇل قىلدى. قېنى ئەتە نېمە ئىشلار بولار، سەلىمە چوقۇم بىزنىڭ ئۆيگە باردۇ، مېنى سوراق قىلىدۇ دەپ ئويلىدىم.

ئەتىسى قايتىپ كەلدۇق. ئۇزۇن يولدا بىر - بىرىمىزدىن يوشۇرۇن خىياللارنى قىلىپ ماڭدۇق. بىلەمسىلەر، ئۆيگە كىرىۋېتىپ تۈنۈگۈن مەن ئويلىغان ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدىم. ئايالى ھەممە ئىشلارنى قېينانىسىغا دەپتۇ، ھەيدەرنىڭ ئاپىسى قاتتىق ئاغرىپ قاپتۇ. ئايالى بىزنىڭ ئۆيگە ھەيدەر ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلگىلى كەپتۇ. بىچارە ئاپام قىزىمنىڭ ھەيدەر بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق دەپ مېنى قوغداپتۇ. مەنمۇ ئاپام دېگەندەك، ئاپام قوغدىغاندەك ھەيدەرنى قوغداپ قالدىم، پۈتۈنلەي يالغان گەپ قىلدىم. ئەسلىدە مۇناسىۋىتىمىز ئايرىلالمىغۇدەك دەرىجىدە چوڭقۇر ئىدى. مەن ئۈچىنچى شەخس بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۆز مۇھەببىتىمنى ئاشكارىلىيالمىدىم. ئاھ خۇدا، مېنى كەچۈرگىن، يالغان ئېيتقىنىمنى، گۇناھلىرىمنى كەچۈرگىن. مېنىڭ سەۋەبىمدىن نۇرغۇن كىشىلەر ئازابلىنىۋاتىدۇ. مانا ھەيدەرمۇ ھازىر يالغۇز، ناھايىتى بىچارە، مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئۇنىڭ يېنىدا بولغان بولسام، نەقەدەر ياخشى بولاتتى - ھە! ئاھ، جېنىم نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانسىز، ئىشلىرىڭىز قانداق بولۇپ كەتكەندۇ، نېمىشقا ئۇچۇر قايتۇرمايدىغانسىز؟! خەير، كەچ بولۇپ كەتتى، ئەمدى توختىتاي.

### 2009 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى (چارشەنبە)

ھاۋا تۇتۇق، كۆڭلۈممۇ تۇتۇق. كۈنلىرىم ئەنسىرەش - ئەندىشە ئىچىدە ئۆتۈۋاتىدۇ. ئۇ «ئاپامنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتىمەن، يالغۇز» دەپ كۈندە ئۇچۇر قىلىۋاتىدۇ. بەلكىم راستتۇ ياكى ئالداۋاتقاندۇ؟ ئۇ راست مەن ئۈچۈن ھەممىنى قىلىۋاتقانمىدۇ؟ زادى قايسىسىغا ئىشىنىشنى بىلمەي قالدىم، ئۇنى باشقىلاردىنمۇ سۈرۈشتە قىلالمىدىم. زادى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ئىچىم سىقىلىپ كېتىپ بارىدۇ. ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن باشقىلاردىن شۇنچە قىزغىنىمەن. تۈۋا، ئۇ خەقنىڭ ئېرى تۇرسا، مەن زادى قانداق قىلارمەن؟ بېشىم بەك قاتتى. ئۇ ماڭا يالغان گەپ قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. كۆڭلۈم ناھايىتى پەرىشان. ئۇ مېنى «سەنمۇ ئېرىڭ بىلەن ئالاقە قىلما!» دەيدۇ. ئۇ باللارنىڭ دادىسى تۇرسا ھەم بىزگە شۇنچە كۆيۈنۈۋاتسا... مېنىڭ ھازىر ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەت جەھەتتە پەقەت ئالاقەم يوق. ئۇنى قىلچە ياخشى كۆرمەيمەن. بىراق بۇنىڭغا ھەيدەر ئىشەنمەيدۇ. ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغىنىمغىمۇ

ئىشەنمەيدۇ.

ئۇنى قانداق قىلسام سۈرۈشتە قىلالارمەن؟ ئۆزۈمنى شۇنچىلىك بىچارە ھېس قىلىۋاتىمەن. ئۇ مېنى شۇنچە ياخشى كۆرگەنىكەن، بەلكىم بۇ دېگەنلىرى راستتۇ؟ ئۇ كۆرۈشەيلى دەيدۇ. مېنىڭمۇ شۇنداق كۆرۈشكۈم بار. ئۇ مەندىن نېمىنى تەلەپ قىلسا شۇنى قىلغۇم بار. چۈنكى ئۇنى باشقىلارغا موھتاج قىلىپ قويۇشنى خالىمايمەن. پەقەت مەن بىلەن بىللە بولسىكەن دەيمەن. مەن كۆرۈشمىسەم ئۇنى ئايالى بىلەن بىرلىشىۋالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. بىراق، مېنىڭ قەلبىمنى ھېچكىم چۈشەنمەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئىشەنگىنىم بىلەن ئۇنىڭ ۋاقتى كەلسە ماڭا يەنە يۈزسىزلىك قىلىشىدىن ئەنسىرەيمەن...

2009 - يىل 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى (پەيشەنبە)

نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كۈنلىرىم خاتىرجەم، خۇشال - خۇرام ئۆتكەچكىمۇ خاتىرە يازغۇم كەلمىدى. بىر ئاي جەريانىدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولدى. قىزىمنى ئېلىپ ئۆي ئايرىپ چىقىشىمۇ بىر ئايدەك بولۇپ قالدى. كۈنلىرىم شۇنچىلىك خاتىرجەم، خۇشال - خۇرام ئۆتىۋاتىمەن. ھەيدەرنى كۈندە كۆرۈپ تۇرىمەن. ئۇمۇ مېنى بىر كۈندە نەچچە ۋاق يوقلاپ تۇرىدۇ ۋە نېمە كەم دەپ سوراپ تۇرىدۇ. بىز ھازىر پەقەت ئايرىلالماس بولۇپ قالدۇق. ئۇ بىز ئۈچۈن ھەممىنى قىلىۋاتىدۇ. مېنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ. بەزىدە كۈندە كېلىۋالسا ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ قالىمەن. ئۇ كۆڭلۈمنى ئېلىش مېنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالىدۇ.

بىز كىچىككىنە بىر ئۆيدە ناھايىتى خۇشال ئۆتىۋاتىمىز. بىراق، مەن ئۇنىڭ ئايالى ئەمەس، ئارىمىزدا ئۇچۇق نىكاھ دېگەن نەرسە يوق. شۇڭىمۇ ئۇنىڭغا تازا ئىشىنەلمەيمەن. تېخى ئالدىمىزدا نېمە ئىشلار بار، بىلمەيمەن. ئۇ تېخى ئايالىنى قويۇپ بەرمىدى. شۇڭلاشقا ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۆي تۇتىۋاتىمەن. ئۇ قاچانمۇ ئەركىنلىككە چىقار!...

بۈگۈن كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم، چۈنكى ئۇ ئەتە ئۈرۈمچىگە ماڭىدۇ. ئۇنىڭدىن تۆت - بەش كۈن ئايرىلىشنى ئويلىسام ئازابلىنىپ كېتىۋاتىمەن. يېڭى يىلنىمۇ بىللە ئۆتكۈزەلمەيمىزكەن. مەن زادى ئۇنىڭ بىلەن يېڭى يىلنى بىللە ئۆتكۈزۈپ باقمىدىم. بۈگۈن كەيپىم پەقەت ياخشى ئەمەس. ئۇ مەندىن:

— نېمە بولدۇڭ، مىجەزىڭ يوقمۇ؟— دەپ سورىدى. نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم. ئۇ خاپىلىقىمنى پۇل بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ ئويلاۋاتىدۇ. دەل ئەكسىچە، ئۇنىڭغا پەقەت چىدىمايۋاتىمەن. بۇ كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزەرمەن... بۇنى ئۇنىڭغا دېگۈم يوق، چۈنكى ئۇ ئۆزىگە شۇنچىلىك كۆيىدىغىنىمنى بىلسە ئۇ چاغدا مېنىڭ قەدرىم قالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ گۇمانىنى باشقا ياققا بۇراپ، پۇل بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېگەن ئويغا سېلىپ قويدۇم. ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىمەن، ئۇنى دەپ بالىنى باھانە قىلىپ ئاپاملاردىن ئۆي ئايرىپ چىقتىم. ئەمدى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسام بەرداشلىق بېرەلمەيمەن. ئەمدى ئۇنى ھېچكىمگە موھتاج قىلدۇرمايمەن. ئۇ بۇلارنى ھەرگىز بىلمەيدۇ، مېنى قىلچە چۈشەنمەيدۇ.

بىزنىڭ ئىشىمىز قانداق بولار؟ ئۇنىڭ ئاپىسى ماڭا پۈتۈنلەي قارشى. بۇنداق بولغاندا كېيىنكى كۈنلىرىم قانداق بولار؟ بەختىم يەنە ۋەيران بولارمۇ؟ ئۇ نېمىشقا ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم چىقىرالمايدىغاندۇ؟ نېمىشقا؟ زادى نېمىشقا مۇنداق بولىدۇ؟...

بالىلىرىمنىڭ دادىسىمۇ خوتۇن ئېلىۋاپتۇ. قارىسام، بەختلىكتەك تۇرىدۇ. ھازىر تېلېفونىمۇ يوق، ھەتتا قىزىمنى ئۆزى تېلېفون قىلسۇن دەيدۇ. مېنىڭ تۇرمۇشۇم بولسا ئەندىشە - كۈتۈش بىلەن ئۆتىۋاتىدۇ. قاچانمۇ ئۇنىڭ بىلەن خاتىرجەم بىر ئائىلەم بولار، كۆڭۈللۈك ياشارمەن...

ئۆي ئايرىپ پۈتۈنلەي خاتا قىلدىم. ئاپامنى قان - قان يىغلاتتىم. ئاپامغا يۈز كېلەلمەيمەن. مۇھەببەت دېگەن تولىمۇ شەخسىيەتچى كېلىدىكەن. ئادەمنىڭ كۆزىگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەيدىكەن. ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمنى ھەرگىزمۇ يۇيۇپ بولالمايمەن ...

ئۇنىڭ بەزى ئىشلىرىغا تازا كۆنەلمىگۈدەكمەن. ئۇ باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلمايدىكەن. شۇڭلاشقا بۇ جەھەتتىن ئويلاپ قويمىسام بولمايدىكەن. ياخشى كۆردۈم دەپ ھەممە ئىشقا ماقۇل دېگەن بىلەن ئاخىرىدا زىيان تارتىدىغان ئوخشايمەن. ئۇ ھېچنېمە بولمايدۇ.

ھەيدەر كېلىپ قالمىسۇن، ئەمدى يازمامنى توختىتاي.

(داۋامى بار)

(ئاپتور: ئىلى خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ پېنسىيونېرى)

مۇھەررىر: نۇرگۈل روزى
ئېلخەت: 1448746602@qq.com



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

01

بەزى ياشلار يۈزىگە ھەمىشە ئەتىر سۈرۈۋېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بىراق ئەتىردە ئاز مىقداردا مىس تەركىبى بار بولۇپ، ئۇنى دائىم يۈزىگە سۈرسە، يۈز تېرىسىنىڭ قېرىشىنى تېزلىتىدۇ. يۈزدىكى پارقىراقلىقنى يوقىتىپ، تېرىنىڭ ئېلاستىكىلىقىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. يۈزگە ئەتىر سۈرگەندىن كېيىن ئاپتاپقا قاقلىنىشتىن ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى قۇياش نۇرىدا ئۇلترا بىنەپشە نۇر ئەتىردىكى بەزى تەركىبلەردە خىمىيەلىك ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ، ئەتىر سۈرگەن ئورۇننى قىزارتىپ ئاغرىتىدۇ. دىققەت قىلمىغاندا تېرە ياللۇغىغا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

02

ھەسەل ئىچىپ بېرىش ساغلاملىققا ناھايىتى پايدىلىق. كىشىلەر ھەسەلنى توڭلاتقۇدا ئۇزۇن ساقلىغىلى بولىدۇ، ئاسان بۇزۇلمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. ھەسەلنى توڭلاتقۇدا ساقلىغاندا، تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولغاچقا، خۇشپۇرىقى يوقاپ، تەمى ياخشى بولمايدۇ. ھەسەل قاچىلانغان قاچىنىڭ ئېغىزىنى ھىم ئېتىپ، سالقىن جايدا ساقلىغاندا، سۇ كىرىپ كەتمىسە، بىر - ئىككى يىل ساقلىغىلى بولىدۇ.

03

بەزى كىشىلەر كالا سۈتىگە قەنت قوشۇپ ئىچىشنى ياخشى كۆرىدۇ. دەرۋەقە كالا سۈتىگە قەنت قوشۇپ ئىچكەندە، كاربون - سۇ بىرىكمىلىرى تەمىنلەپ بېرىدىغان ئىسسىقلىق مىقدارىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، قەنت قېتىلغان كالا سۈتى ھەزىم قىلىشقىمۇ پايدىلىق. بىراق كالا سۈتىگە قېتىلىدىغان قەنت چوقۇم بەلگىلىك مىقداردا بولۇشى كېرەك، ئادەتتە ھەر 100 مىللىلىتىر كالا سۈتىگە بەش - ئالتە گىرام قەنت قوشسا مۇۋاپىق بولىدۇ. ئەگەر كالا سۈتىگە قوشقان قەنت بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، بوۋاقلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىسىز تەسىرلەرنى بېرىدۇ.

كالا سۈتىگە قەنت تۈرىدىكىلەرنى قېتىشقا توغرا كەلسە، ئەڭ ياخشىسى شېكەر ئىشلىتىش كېرەك، چۈنكى شېكەر ھەزىم قىلىش يولىغا كىرگەندىن كېيىن، ھەزىم قىلىش سۇيۇقلۇقى تەرىپىدىن پارچىلىنىپ، گلىكوزىغا ئايلىنىپ، بەدەن تەرىپىدىن ئاسان سۈمۈرۈلىدۇ. دىققەت قىلىدىغان يەنە بىر نۇقتا، قەنت بىلەن كالا سۈتىنى بىرلىكتە قىزدۇرۇشقا بولمايدۇ. بۇنداق قىلغاندا كالا سۈتى تەركىبىدىكى لىسىن كىسلاتاسى قەنت بىلەن يۇقىرى تېمپېراتۇرا شارائىتى ئاستىدا رېئاكسىيەگە كىرىشىپ، سالامەتلىككە زىيانلىق ماددا گلىكوزىل لىزىننى ھاسىل قىلىدۇ. بۇنداق ماددا ئادەتتە سالامەتلىككە زىيانلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال قايناتقان كالا سۈتىنى سوۋۇتۇپ ئىلمان ھالىتىگە كەلگەندە، يەنى كالا سۈتىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 50℃ دىن 40℃ گە چۈشكەندە، ئاندىن قەنت قوشسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

04

* مېڭىسىنى كۆپ ئىشلىتىدىغان ياكى كېچىسى خىزمەت قىلىدىغان كىشىلەر يەسمەن گۈل چېيى ۋە يېشىل چاينى كۆپرەك ئىچىپ بېرىشى كېرەك.
* كۆن بويى ئولتۇرۇپ خىزمەت قىلىدىغان ياكى ھەرىكىتى ئاز كىشىلەر يېشىل چاي ياكى گۈل چېيى ئىچىپ بېرىش كېرەك.
* بەدىنى ئاجىز ياكى دائىم ئاشقازىنى ئاغرىيدىغان كىشىلەر قىزىل چاينى ئىچىشنى ئادەت قىلىشى كېرەك.
* تاماكىنى كۆپ چېكىدىغان كىشىلەر يېشىل چاينى كۆپرەك ئىچىپ بېرىش كېرەك.
* چوڭ تەرىتى راۋان بولمىغان، دائىم قەۋزىيەت بولىدىغان كىشىلەر ھەسەل چېيىنى ئىچىپ بېرىشى كېرەك.
* كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرۇپ خىزمەت قىلىدىغان كىشىلەر يېشىل چاينى كۆپرەك ئىچىپ بېرىشى كېرەك.

مۇھەررىر: پەرىدە تۇردى
ئېلخەت: paridaturdi@126.com

www.uyghurkitap.com



# دۇنيا دېگەن بىر پىيالە غەم

ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى

تارىختا نۇرغۇن شائىر دۇنيانىڭ نېمىلىكى ياكى دۇنيانىڭ ماھىيىتى ھەققىدە ئۆز چۈشەنچىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن. لېكىن ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش جەريانى پەيلاسوپلارنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ. شائىرلار ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىسىنى كۆپىنچە ئوبراز ۋاستىسى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا تاشلايدۇ. لېكىن ئوتتۇرىغا قويۇش جەريانى بەكمۇ لوگىكىلىق بولۇپ كېتىشى ناتايىن. شۇڭا شېئىرنىڭ ئۆز لوگىكىسى بولىدۇ، دەپ بىكار ئېيتىلمىغان. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان «لوگىكا» دېگەن سۆز كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بىز چۈشىنىۋاتقان لوگىكا بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئۇقۇمدۇر. شائىر ئەزىزىمۇ 40 ياشقا كىرگەن 2002 – يىلى دۇنيا ھەققىدە ئۆز چۈشەنچىسىنى شېئىرىي شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇشتىن خالىي بولالمىدى. ئۇ 40 ياشقا كىرگەندە تۇيغۇسىدا پەيدا بولغان دۇنيانىڭ ماھىيىتى ھەققىدىكى تەسىراتىنى بىر كۇپلېت شېئىر بىلەن ئوبرازلاشتۇرۇپ ئۆتتى.

دۇنيا دېگەن بىر پىيالە غەم،
ئۇنى ئىچىپ ياشايمىز ھەممە.
ئىچىپ – ئىچىپ قانغانلار كېتەر،
قانمىغانلار تولدۇرار يەنە.

2002 – يىلى فېۋرال

بۇ مىسرالار قانداق بىر ئارقا كۆرۈنۈشتە بارلىققا كەلگىنى بىزگە ئېنىق ئەمەس. لېكىن بۇ مىسرالارنىڭ كەينىدە شائىر ئەزىزگە خاس بولغان، ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا ئىزچىل ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان بىر خىل تېنىدىنسىيە – چۈشكۈنلۈك ئىچىدىكى قەيسەرلىك، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدىكى سەۋر – تاقەت، قىيداش تۇيغۇسى ئىچىدىكى ھاياتنىڭ گۈزەللىكىگە ئاپىرىن ئوقۇش تۇيغۇسى بار. بەلكىم شائىرنىڭ بىرەر يېقىن كىشىسىنىڭ ۋاپاتى شائىرنىڭ قەلبىدە مۇشۇ تۇيغۇلارنى پەيدا قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئىش، كوچىدا كۆزىگە كۆرۈنۈپ قالغان بىر سىما ياكى شۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر ئىش شۇنداق تۇيغۇنىڭ پەيدا بولۇشىغا تۈرتكە بولغان بولۇشى مۇمكىن. شائىر ئۆزىنىڭ قىيداشقا ئوخشاپراق كېتىدىغان، بىر تەرەپتىن «ئەي دۇنيا، مەن سېنىڭ ماھىيىتىڭنى بىلىپ قالغان، سەن شۇنچىلىك نەرسە ئىكەنسەنغۇ» دەپ ئاچچىق كۈلۈپ قويۇشقا ئوخشاپراق كېتىدىغان بۇ تۇيغۇسىنى ئادەمنى چۈشكۈنلەشتۈرىدىغان ھۆكۈملەر بىلەن ئاخىرلاشتۇرمايدۇ. شائىرنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى پەقەت ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەپ قاراپ شېئىرنىڭ ئاخىرىدا پارتلاپ چىققان قەيسەرلىككە نەزەر سالساق شائىر شېئىرنىڭ ئاخىرقى مىسرالىرىنى «بۇ غەمنى ئىچىپ قانغانلار كېتەر، قانمىغانلار يەنە تېتىپ باقار» دەپ خۇلاسىلەيدۇ.

دۇنيانىڭ ماھىيىتى نېمە؟ بۇ سوئالغا جاۋاب بەرمەك ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس. تەبىئىي پەنچىلەرنىڭ ھۆكۈمى بىلەن ئىجتىمائىي پەنچىلەرنىڭ ھۆكۈمىدە زور پەرق مەۋجۇت. ئادىمىيەت پەنلىرىنىڭمۇ بۇ ھەقتە ئۆزىگە تۇشلۇق كۆز قاراشلىرى بار. بۇ خىل ھالەتنى ئاۋامنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى كۆز قارىشىغا سېلىشتۇرۇش مۇمكىن. ئەمما ئەزىزنىڭ نەزىرىدە دۇنيا بىر پىيالە غەم.

بۇ يەردىكى تەسۋىر يېڭىلىقى شۇكى، دۇنيا پىيالىگە قاچىلانغان غەم. دېمەك، دۇنيا مەلۇم نۇقتىدا بىر خىل ئىچىملىك. ھەممىمىز ئۇنى ئىچىمىز ۋە ئىچىشكە مەجبۇرمىز.

لېكىن، بۇ بىر سىرلىق ئىچىملىك، ھەر قېتىم تېتىغاندا ئادەمگە بىر خىل تۇيغۇ بېرىدۇ. ئىچسەڭ ئىچكۈڭ، يەنە بىر قېتىم تېتىپ بېقىپ ئۇنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگۈڭ كېلىدۇ. ئۇنى ئىچىپ قېنىش ماھىيەتتە ئۆلۈم دېمەكتۇر. لېكىن، بۇ ئىچىملىك يېڭىلانمىغان بىلەن ئادەملەر يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. ئادەملەر ئۆزىنى ئەقلىي جانلىق، دەپ ئىسپاتلاشقا ھەرقانچە ئۇرۇنغان، ئىلگىرىكىلەردىن دۇنيانىڭ ماھىيىتى ھەققىدە نۇرغۇن ئەقلىيەلەر قالغان بولسىمۇ لېكىن ئىنسان بۇ ئەقلىي يەكۈنلەرگە ئەمەس دۇنيادىن ئىبارەت غەمنى ئىچىپ بېقىشنى ئالدىنقى تاللاش قىلىدۇ. دۇنيا ۋە ھاياتنىڭ تەمىنى تېتىپ بېقىشتىن ئىبارەت مۇھەببەتتىن مەڭگۈ ۋاز كېچەلمەيدۇ. ھايات مانا مۇشۇ قانماسلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇ يەردە شائىرنىڭ ھاياتقا تۇتقان پوزىتسىيەسى ۋاستىلىك ھالدا ئاشكارا بولىدۇ. شائىرنىڭ نەزد-

رىدە ھايات بىر خىل غەم. غەم دېگەن نەزىرىمىزدە بىز ئېرىشىشكە بەك ئىنتىلىپ كەتمەيدىغان ياكى يىراق تۇرۇشنى ئىستەيدىغان بىر تۇيغۇ ياكى ھالەت. لېكىن، غەمدىن يىراق بولۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، بەزى كىشىلەر غەمگە دادىللىق بىلەن يۈزلىنىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭدىن قېچىپ ئۆزىنى باشقا نەرسىلەر بىلەن مەستخۇش قىلىپ ئەڭ ئاخىرى يەنە ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدۇ. غەم بەزىدە ھاۋاغا ئوخشاش ھەممە يەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شائىرنىڭ دۇنيانى غەمگە ئوخشىتىشى دەل مەسىلىنىڭ تۈگۈنىدۇر. شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا دۇنياغا بولغان چەكسىز مۇھەببەتتىن باشقا دۇنيانى ئۆزى چۈشەنگەن كاتېگورىيە ياكى ئۆزى يەكۈنلىگەن تەبىرگە سولىۋېلىپ، دۇنيا مەن سېنىڭ ماھىيىتىڭنى بىلىۋالدىم دېگەندەك قىلىپ دۇنياغا مەنسىتمىگەن ھالدا نەزەر تاشلاش خاھىشىمۇ بار. بۇنى شائىر ياكى سەنئەتكارنىڭ مەۋجۇتلۇق ھەققىدىكى چۈشەنچىسىدىن كېلىپ چىققان ھاكاۋۇرلۇق دەپ قاراش كېرەكمۇ؟ بۇ خاھىش بەزىدە ئادەمنى زوقلاندۇرسا بەزىدە ئادەمگە بىر خىل ساددىلىق ۋە گۆدەكلىكتەك تەسىر بېرىدۇ. لېكىن، دۇنيادىكى ئادەملەر تۈپىنىڭ پىكىر قىلىپ ياشايدىغان ياكى پىكىر قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتتىن يوقتەك ياشايدىغان ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن قارىغاندا بۇ خىل نەزەر تاشلاش پىكىر قىلغانلىقى ۋە دۇنيانى چۈشىنىپ كۆرۈشكە ئىنتىلگەنلىكى سەۋەبلىك قىممەتلىكتۇر.

بۈگۈنكى دۇنيادا ئالەمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئىلىم-پەن نۇقتىسىدىن چۈشىنىش بىر خىل تەلۋىلەرچە تەرەققىيات ھالىتىگە كىردى. ساماۋى دىنلار بولسا دۇنيانىڭ نېمىلىكى ھەققىدە بۇرۇنلا ئۆز تەبىرلىرىنى بېرىپ بولغان. ئەزىزنىڭ دۇنيانىڭ نېمىلىكى ھەققىدە ئىزدىنىشى ئىلمىي ئىزدىنىشتىن كۆرە ئىلىم ۋە ساماۋى دىنلارنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ ئۆزىنىڭ يەكۈنلىگەن كۆز قارىشىنى دەپ بېرىش جەريانىدىن ئىبارەت. قىممەتلىك يېرى شائىر بۇ خىل جەريانىنى شېئىرىي يول بىلەن ئىپادىلىدى ۋە ئۆزىنىڭ پىكىر قىلىشقا ئامراقلىقتىن ئىبارەت تەبىئىتىنى ئاشكارىلىدى. بەلكىم دۇنيا ماھىيىتىنى غەم دەپ پىكىر قىلغانلار بولۇشى مۇمكىن. لېكىن چاغداش شائىرلارنىڭ ئىجادىيەت خاھىشىدىن قارىغاندا «دۇنيا دېگەن بىر پىيالە غەم» دەپ دۇنيانىڭ ماھىيىتىگە تەبىر بېرىشكە ئۇرۇنغان شائىر زامانىمىزدا ئەڭ ئاۋۋال ئەزىزى بولسا كېرەك.

ئادەم پىكىر قىلغانلىقى ئۈچۈن قىممەتلىك بولۇپ قالماي پىكىر قىلغانلىقى ئۈچۈن ئالەمنىڭ مەركىزىدۇر. دۇنيا ئۇلار ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بېرىلگەن مەۋجۇتلۇق خالاس. بۇ خىل بويسۇندۇرۇلۇش پىكىر قىلىش ئارقىلىق تېخىمۇ زور دەرىجىدە ئۆز ماھىيىتىگە قاراپ يېقىنلىشىدۇ.

شائىر ئەزىزنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر» دېگەن يۈرۈشلۈك توپلاملار قاتارىدا 2012 - يىلى يورۇق كۆرگەن «چۈشۈمدىكى قىز» ناملىق توپلىمىدا «دۇنيا دېگەن بىر پىيالە غەم» دېگەن شېئىرلارنىڭ ئۇسلۇبى ۋە پىكىر ئىزچىللىقىدا يېزىلغان شېئىرلاردىن «تەۋبە»، «مەن ھېچكىم ئەمەسمەن»، «ئۇيغۇر قىزى» قاتارلىقلارنى مىسال ئېلىش مۇمكىن. بۇ خىل پىكىر قىلىش خاھىشى ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى دەۋرداشلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر ئالاھىدىلىك بولۇپ قالغان ۋە ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىغا ئايلانغان، بۇ خىل پىكىر قىلىش ئۇسلۇبى ئادەمگە شائىرنى يۈسۈپ خاس ھاجىب ۋە ئەھمەت يۈكنەكىدىن قالغان پەلسەپەنى شېئىرىي شەكىلدە يېزىپ بېقىش ئەنئەنىسىگە يېقىنلاپ قاپتۇ دەيدىغان تۇيغۇ بەرسىمۇ، لېكىن شائىر كۆپىنچە شېئىرلىرىدا ئۆزىنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى تەپەككۇرىنى ئەقلىيلىكتىن بارغانسېرى يىراقلاشتۇرۇپ، ھېسسىي ئوبرازلار ئارقىلىق بىزەشكە كۈچ سەرپ قىلىدۇ ياكى ھەرخىل ئوبراز، كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شېئىرىي ئوبرازىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. شائىرنىڭ كۆپ قىسىم شېئىرلىرىدا بۇ خىل خاھىش ئىزچىل ئۈزۈلۈپ قالمىغان، شائىرنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ بارغانسېرى كۈچەيگەن. لېكىن مانا مۇشۇ خىل ھېسسىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يۈرەك سادالىرىنى ئىپادىلەشتە شائىر يەنىلا جاھىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى شېئىرىي لوگىكا بىلەن تويۇنغان ئۆزىگە خاس چۈشەنچىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشىدۇ. شائىر «بوۋامغا» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

1

ئوق ئىدىڭ
ئېتىلدىڭ،
مۇرادىڭغا يەتتىڭ.

2

يا بولدۇڭ،
ئوقلىرىڭنى ئېتىپ تۈگەتتىڭ.

3

يا پېتى قالدىڭ
ئەمما كىرىچسىز،
شۇ پېتى كەتتىڭ.

**1987** - يىلى، فېۋرال

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۆمۈرنى ئېتىلغان ئوققا، ئادەمنىڭ ياشلىقىنى يا ئوقىغا ئوخشاش تۈز بىر نەرسىگە، قېرىلىقىنى يانىڭ ئۆزىگە ئوخشىتىش بىر ئەنئەنە بولسا كېرەك. شائىر ئەزىزى بۇ خىل پىكىر قىلىش ئەندىزىسىگە ياندىشىشقا ئۇرۇنغان. ئۇنىڭ بۇ ئۇرۇنۇشى يۈسۈپ خاس ھاجىبنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ 6532 - كۇپلېتىدىكى مۇنۇ مىسرالار بىلەن قوشكېزەكتۇر.

قېيىندەك بويۇم ئەردى، ئوقتەك دۇرۇس - تۈز،
بولۇپ ئەگرى يادەك ئېگىلدىم، ئېگىشتىم.

ناۋادا شائىر شېئىرىنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى بۆلەكلىرى

بويىچە شېئىرنى ئاخىرلاشتۇرغان بولسا بىز شائىرنى پەقەت يۈسۈپ خاس ھاجىب مىڭ يىل ئىلگىرى ئىشلىتىپ ئۆتكەن تەمسىل ۋە ئوخشىتىشلارغا يەنە بىر قېتىم ئەگىشىپ، يېڭىچە بىر شەكىلدە تەكرارلاپ بېقىشقا ئۇرۇندى، لېكىن مەغلۇپ بولدى، بۇ ماھىيەتتە ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ چاپىنىدا يەنە بىر قېتىم تەرلەشتىن باشقا ئىش ئەمەس، دەپ باھايىمىزنى ئاخىرلاشتۇرغان بولاتتۇق. چۈنكى، ئىجادىيەتنىڭ قىممىتى ئىلگىرى مەلۇم بىرەيلەن دەپ بولغان پىكىر شەكلى ۋە تەمسىللەرنى شۇ ھالەتتە يەنە بىر قېتىم تەكرارلاشتىن كۆرە ئۇنى يەنە بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرۈپ، باشقىچە شەكىل ياكى قۇرۇلمىدا تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ دەپ بېقىشتۇر. شائىر شېئىرنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى بۆلىكىدە يۈسۈپ خاس ھاجىب ماڭغان يولنى سەل پەرقلەنگەن ھالدا تەكرارلاپ مېڭىپ، شېئىرنىڭ ئۈچىنچى بۆلىكىدە ئاندىن ئۆزىنىڭ مۇستەقىل يولىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ.

يا پېتى قالدىڭ
ئەمما كىرىچسىز،
شۇ پېتى كەتتىڭ.

بۇ قىسمىدا بىزنى ئويلاندۇرغان مەسىلە بوۋاينىڭ قېرىغان تۇرقى ۋە قېرىلىقىنى ياغا ئوخشىتىش كونا پىكىر بولغان بىلەن بۇ يانى كىرىچسىز دەپ تەسۋىرلەش شېئىرنى ناھايىتى قويۇق تراگېدىيەلىك كەيپىياتقا گىرىپتار قىلىدۇ. سىز ھازىرنىڭ ئۆزىدە كىرىچسىز يانى خىيال قىلىپ بېقىڭ. ئەسلى يا كىرىچ بولغانلىقى ئۈچۈن يا دەپ ئاتىلاتتى. لېكىن، بۇ يەردە ئۇ كىرىچ بولمىسىمۇ يا دەپ ئاتالدى. چۈنكى، ئەسلى ئۇ بىر كىرىچ بار يا ئىدى، لېكىن ئۇ ئاخىرىدا كىرىچتىنمۇ ئايرىلدى، كىرىچسىز يا بولۇپ قالدى.

بىر مىللەتنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئەدىبلەرنىڭ ئۈزۈكسىز تىرىشىش، ئەدەبىياتنىڭ پەللىسگە قاراپ چەكسىز ئىلگىرىلەش جەريانىدۇر. تارىختا ئۆتكەن نۇرغۇن ئەدىبلەر ئۆزىنى پەللىگە قاراپ چەكسىز ئىلگىرىلىدىم دەپ قارايدۇ. ناۋادا ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە يېڭى بىر پىكىر، يېڭى بىر خاھىش ياكى تىل گۈزەللىكىدىكى ئۆزىگە خاس بىر چاقناش يۈز بەرمىسە بىز ئۇنى تۈگمەنگە ئوخشاش ئۆز ئورنىدا ئايلاندى دەپ باھالاشقا مەجبۇرمىز. شائىر ئەزىزى ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، تېيىپجان ئېلىيوف، نىمشېھىت قاتارلىق شائىرلار ۋەكىللىكىدىكى بىرىنچى ئەۋلاد، قۇربان بارات، بوغدا ئابدۇللا، ئىمىن ئەخمەدى، ئوسمانجان ساۋۇت، مۇھەممەتجان راشىدىن، روزى سايىت قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى ئىككىنچى ئەۋلاد شائىرلاردىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان ئۈچىنچى ئەۋلاد شائىرلارنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىرىنچى ئەۋلاد ۋە ئىككىنچى ئەۋلاد شائىرلار ياراتقان ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شېئىردا لوگىكىلىق پىكىر يۈرگۈزۈش، مەلۇم بىر پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ئوچۇقلۇق خاھىشىنى يەنە بىر قەدەم ئالغا سىلجىتىپ شېئىرنى نورمال لوگىكىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئوبرازلارنى مەلۇم دەرىجىدە كۆپ قىرلىق ۋە كۆپ قاتلاملىق مەزمۇنغا ئىگە قىلىپ، ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى ياراتتى. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئوبراز يارىتىش ئەنئەنىسىنىڭ تۈگمىنىگە ئۆزى سۇ بولۇپ قېتىلدى.

شائىرنىڭ بىر مەزگىل كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان «مۇھەببەت»ناملىق نەسبەتەن ئۇزۇن يېزىلغان لىرىكىسىدا «ھادى تاقتاش ئىزىدىن» دەپ ئىزاھات بېرىپ بۇ ئەسەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولغان مەنبەنىڭ تاتار شائىرى ھادى تاقتاشنىڭ «مۇھەببەت تۆۋىسى» دېگەن ئەسىرى ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ. ناۋادا شائىر بۇ يەردە ھادى تاقتاش ياراتقان پىكىر چوڭقۇرلۇقىدىن ھالقىيالمىسا شائىرنى پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدى، دېيىشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. ھەتتا پۈستانىغا تەقلىد ياكى پالانى ئىزىدىن دەپ يېزىش ماھىيەتتە ئەسلى شۇ تېمىنى يازغان ئاپتورغا جەڭ ئېلان قىلىش جەريانى بولۇپ، شائىر ئەزىزى بۇ يەردە ھادى تاقتاشقا جەڭ ئېلان قىلىپ باققان. ئۇنداقتا بۇ جەڭدە شائىر قانداق نەتىجىگە ئېرىشتى؟

شائىر ھادى تاقتاشقا ئوخشاشلا شېئىرنى ئەركىن شېئىر شەكلىدە يازغان. مىسرالىرى ھادى تاقتاشنىڭ شېئىرلىرىدەك يېنىك ۋە يېقىشلىق، خەلق قوشاقلىرىدەك كۆڭۈلگە يېقىن، ئوڭاي ئەستە قالىدۇ. شېئىرنىڭ بىرىنچى بۆلىكىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى بىر كۇبلېتنى مىسال ئالساقلا ئوقۇرمەن يۇقىرىقى سۈپەتلەشلەرنىڭ ۋەزنىنى ھېس قىلالايدۇ:

ئەي كىتابخان، سىزمۇ بىلىسىز،
ھايات بەزەن قاتتىق تۇيۇلار.
بىراق ئۆلۈمنى ئويلىساڭ،
ئۇ يەنە تاتلىق تۇيۇلار.

«1 ـ» دەپ باشلانغان ئىككىنچى بۆلەكتە ئېغىزدىن ناھايىتى تەبىئىيلا چىقىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىغان مۇنۇ مىسرالارغا نەزەر سېلىپ بېقىڭ.

كىرگۈلۈك ئەمەس،
كۆڭۈل دېگەن ساراڭ كەينىگە.
ھەر بالاغا سالىدۇ سېنى،
قويۇپ بەرسەڭ ئۇنى مەيلىگە.

بۇ مىسرالار «كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەڭ، كۆڭۈل ھەر يەرگە باشلايدۇ، سەمەرقەنت ئالمىسدەك ئاپىرىپ، ھەر ـ ھەر يەرلەرگە تاشلايدۇ» دېگەن خەلق قوشىقىنىڭ يەنە بىر خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىشى بولۇپ، لېكىن شېئىر بىلەن پۈتۈنلەي بىر گەۋدە بولۇپ كېتىپ، ئەزىزگە تەۋە بولۇپ كېتىش بىلەن بىرگە شېئىرنىڭ كونتېكستىدا شېئىردىكى كەيپىياتنى ئەۋجگە چىقىرىش رولىنى ئوينىغان. بۇ خۇددى ئىلمىي ئەسەردە دەل جايىغا ئېلىنغان بىر پارچە نەقىلگە ئوخشاپ قالغان. لېكىن، مەن بۇ يەردە ئەزىزىنىڭ بۇ خىل ئارىيەت ئېلىش خاھىشىنى ئاقلىماقچى ئەمەس. ناۋادا ئەزىزى مۇشۇ مىسرالارنى پۈتۈنلەي

ئالماشتۇرۇپ تاشلىغان، ئۆزى ئىجاد قىلغان بولسا شېئىردا باشقىچە بىر كەيپىيات بارلىققا كېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما مەن بۇ يەردە مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان نۇقتا شائىر بۇ خەلق قوشىقىنى شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئۆزگەرتىپ، ئۆز شېئىرىنى كۈچەيتىدىغان ئامىلغا ئايلاندۇرغان. بۇ يەردە مەن بۇنداق ئارىيەت ئېلىشنى ھەممىگە تونۇش بولغان ماقال ـ تەمسىل ۋە ئىدىيوملارنى ئەسەردە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلىتىش بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل ئىجادىيەت ھادىسىسىدۇر، دەپ قارايمەن.

ھادى تاقتاش «مۇھەببەت تۇۋىسى» ناملىق لىرىكىسىدا مۇھەببەتنى ۋاستە قىلىپ ۋاقىتنى قانداق ئۆتكۈزۈش، ھاياتنى قانداق مەنىلارغا تولدۇرۇش قاتارلىق مەزمۇنلار ھەققىدە پىكىر قىلغان بولسا شائىر ئەزىزى «مۇھەببەت» دېگەن لىرىكىدا ھادى تاقتاشتىن پەرقلىق ھالدا ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى تەسۋىرلىدى. سۆيۈپ ئېرىشەلمىگەن، كۆيۈپ ئىپادە قىلالمىغان، تۇغۇلماي تۇرۇپ ھاياتىدىن ئايرىلغان ۋىسالدىن يىراق مۇھەببەت ھەسرىتىنى ئوبرازلاشتۇردى. گەرچە بۇ كونا تېما بولسىمۇ ئەزىزى ئۆزىنىڭ خەلق قوشاقلىرىغا خاس يېنىك تىلى بىلەن يەنە بىر قېتىم ئوبرازلاشتۇرۇپ كۆرۈشكە ئۇرۇندى. مەن ئەزىزىنى مۇھەببەتنى كۈزىتىش، ئىپادىلەش، ئوبرازلاشتۇرۇش، مۇھەببەت ھەققىدە ئوبرازلىق پىكىر قىلىش نۇقتىسىدا ھادى تاقتاشتىن ھالقىپ ئۆزىنىڭ پەللىسىنى ياراتتى، دەپ قارايمەن.

«مۇھەببەت» دېگەن بۇ لىرىكىمۇ «دۇنيا دېگەن بىر پىيالە غەم» دېگەن شېئىر بىلەن تومۇرداشلىققا ئىگە. شائىر دۇنيانىڭ ماھىيىتى ھەققىدە ئۆز پىكرىنى ئوبرازلاشتۇرغان بولسا كېيىنكىسىدە مۇھەببەت ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ كۆردى.

ئەمما مەن شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتنى كۆپىنچە شائىرنىڭ شېئىرىيەتنىڭ ئۆز لوگىكىسىدا تۇرۇپ سىزىپ چىققان ئوبرازلىرىدا دەپ قارايمەن. مەن بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇۋاتقان شېئىرىيەتنىڭ ئۆز لوگىكىسى بىز ئادەتلەنگەن لوگىكا بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز. تۇيغۇ، ئوبرازدىكى خاسلىق، كۆرۈنۈشتىكى ئالاھىدىلىك قاتارلىقلارنىڭ شائىرنىڭ ئۇستىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ئوبراز يارىتىش جەريانىدا بىر نەشان، بىر ئوبراز ئۈچۈن ئورتاق خىزمەت قىلىش جەريانىدۇر.

شائىرنىڭ «كېپىنەككە ئايلانغان كېچە» ناملىق شېئىرى مۇنداق يېزىلىدۇ:

كېپىنەككە ئايلانغان كېچە،
شۇئىرلايدۇ يۇلتۇزغا بېقىپ.
سېغىنىشنىڭ كىرىپ كېلىدۇ،
شامال بولۇپ،
دېرىزە چېقىپ.

ساداسىنى چۈشەيدۇ ھايات،
سۆكۈناتقا لېۋىنى يېقىپ.
سېغىنىشنىڭ كىرىپ كېلىدۇ،
شامال بولۇپ،
دېرىزە چېقىپ.

شامدەك كۆيۈپ تۇرغان بۇ يۈرەك،
تاڭ ئاتقۇچە تۆكەيدۇ ئېقىپ.
سېغىنىشنىڭ چىقىپ كېتىدۇ،
شامال بولۇپ،
دېرىزە چېقىپ.

1991 ـ يىلى ئۆكتەبىر.

شېئىردىكى كەيپىيات نىسبەتەن گۇڭگا، «دۇنيا دېگەن بىر پىيالە غەم» دېگەن شېئىردىكىدەك دېمەكچى بولغان پىكىر ئېنىق ئەمەس ياكى بۇ شېئىرنىڭ مەقسىتى مەلۇم بىر پىكىرنى دەۋالىشمۇ ئەمەس. شائىر بۇ يەردە ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئەمەستەك كۆرۈنىدىغان، لېكىن شائىرنىڭ شېئىرىي تۇيغۇسى ئارقىلىق مەھكەم باغلىنىپ كەتكەن ئوبراز ۋە كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق بىر پارچە رەسىم سىزىدۇ. شائىر بۇ رەسىمنى رەڭ ۋە بوياق، شەكىل ۋە سىزىقلار بىلەن ئەمەس بەلكى ئوبراز ۋە ئوبرازلار كەينىگە يوشۇرۇنغان ھەسرەتلىك كەيپىيات ئارقىلىق سىزىپ چىقىدۇ.

بۇ شېئىرنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇيغۇرنىڭ ئادەتلەنگەن تەپەككۇردىكى مەدەنىيەتكە ئائىت كود ۋە ئوبرازلارنىڭ مەنىسىنى ھېس قىلىش كېرەك.

«كېپىنەككە ئايلانغان كېچە» دېگەن بۇ ماۋزۇ ۋە شېئىرنىڭ بىرىنچى مىسراسى ئادەمگە سەل چۈشىنىكسىز، ناتونۇش تۇيغۇ بېرىدۇ. قارا كېچىنى كېپىنەككە ئايلاندى، دېيىش ھەققەتەن ئادەتلەنگەن تەپەككۇرىمىزنىڭ توسالغۇسىغا دۇچ كېلىدۇ. لېكىن، ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىيەت ئورتاقلىقىدىكى «كېپىنەك» دېگەن ئۇقۇم كەينىگە يوشۇرۇنغان كېپىنەكنىڭ چىرايلىق، رەڭدار گۈلدىن گۈلگە قونىدىغان بىز «شالالاق» دەپ قاراپ ئادەملەرگە تەمسىل قىلىدىغان ئالاھىدىلىكىنى ئەسكە ئالساق شېئىردىكى كەيپىياتقا چۆكۈپ كېتىمىز. لېكىن، بۇ شېئىردا «كېپىنەك» مەلۇم دەرىجىدە سەلبىي باھادىن خالىي، ئۇ شائىرنىڭ ئۆزىنىڭ شېئىرىي ئوبرازىنى يارىتىشىدىكى بىر ۋاستە. لېكىن بۇ ۋاستىنى خالىغانچە ئالماشتۇرۇپ باقساق «كېپىنەككە ئايلانغان كېچە» دېگەن مىسرا بەرگەن ئۈنۈمنى يوقىتىپ قويىمىز. مەسىلەن، بىز ئۇنى ئۆزگەرتىپ باقايلى:

1. شەپەرەڭگە ئايلانغان كېچە
2. ھەسەل ھەرىسىگە ئايلانغان كېچە
3. قوشقاچقا ئايلانغان كېچە
4. گۈلگە ئايلانغان كېچە
5. دەرەخكە ئايلانغان كېچە

«كېپىنەك» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا يەنە نۇرغۇن سۆز-

لەرنى تولدۇرۇش مۇمكىن. لېكىن، بۇ شېئىردا «كېپىنەك» دېگەن سۆزدىن باشقىسى ئادەمنى رازى قىلالمايدۇ. ئۇنداقتا بۇ رازى بولماسلىقنى بىزنىڭ شېئىرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن شەكىللەنگەن مۇشۇ شېئىردىن ئىبارەت بەدىئىي ئوبرازغا ئادەتلىنىپ قېلىش تۇيغۇسى پەيدا قىلغانمۇ ياكى «كېپىنەك» دېگەن سۆز كەينىگە يوشۇرغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى تۈپەيلىدىن شۇنداق رازى بولماسلىق پەيدا بولغانمۇ؟ مەن كېيىنكى پىكىرگە قېتىلىمەن. چۈنكى، تىلىمىزدىكى ھەر بىر سۆز مەلۇم دەرىجىدە مىللىيلىكىمىزنى ئاساس قىلغان ھېسسىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ۋە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولغان بولىدۇ. ھەتتا بۇ ئارقا كۆرۈنۈش كەينىگە شەخسنىڭ قىزىقىش ۋە ياخشى كۆرۈشى، كەچۈرمىشى تەسىرىدە شەكىللەنگەن ئاشۇ سۆز ياكى ئوبرازغا مۇناسىۋەتلىك خاھىشچانلىقمۇ يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

مەن شېئىرنى ئوقۇش جەريانىدا شېئىردىكى بەزى سۆزلەرنى ئادەتلەنگىنىم بويىچە ئۆزگەرتىپ باقتىم. «شامال بولۇپ، دېرىزە چېقىپ» دېگەن مىسرانى «شامال بولۇپ، دېرىزە چېكىپ» دەپ ئۆزگەرتتىم. لېكىن، رازى بولمىدىم. چۈنكى مەن ئادەتلەنگەن تەپەككۇر بويىچە بولغاندا شامال دېرىزە چاققۇدەك كۈچكە ئىگە بولالمايدۇ. بوران ياكى بەكمۇ كۈچلۈك بولغان شامالدىلا بۇنداق ئىقتىدار مەۋجۇت. لېكىن شائىر قەستەن «چېقىپ» دەپ ئالغان. لېكىن، پۈتۈن شېئىرنىڭ كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا «چېقىپ» دېگەن بۇ پېئىل لوگىكا بويىچە شامالنىڭ ھەرىكىتىنى ئاڭلاتقان بىلەن بۇ شېئىردا شېئىرىيەت لوگىكىسىغا تايىنىپ شائىرنىڭ سېغىنىش ئازاۋىدا قېيىنىلىۋاتقان، شامدەك كۆيۈپ، ئېرىپ تۈگەۋاتقان ھالىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. چۈنكى، لىرىك قەھرىماننىڭ شۇ چاغدىكى كەيپىياتىدىن قارىغاندا شامال دېرىزىنى چەككەندىن كۆرە چېقىپ ئېچىپ تاشلىغان. شۇڭا بۇ خىل شېئىرلارنى چۈشىنىش ئۈچۈن سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىق ۋە لوگىكىلىق مۇناسىۋىتى ھەققىدە يەنە بىر قېتىم ئويلىنىپ بېقىپ، شېئىرىيەتنىڭ لوگىكىسى بويىچە قارىغاندا بۇ يەردىكى باغلىنىش مۇناسىۋىتى قانداق ئۆزگىرىش ياسايدۇ، دەپ ئۆزىمىزگە سوئال قويۇپ بېقىش كېرەك.

شائىر ئەزىزنىڭ «كېپىنەككە ئايلانغان كېچە» دېگەنگە ئوخشاش شېئىرلىرى خېلى بار. لېكىن، شائىر مۇشۇنداق شېئىرلارنى يېزىپ كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز ئوبراز يارىتىش نۇقتىسىدىن بەك رادىكاللىشىپ كېتىپ، چېكىدىن ئاشقان ئوبراز ئابستراكتلىقىغىمۇ يول قويىدۇ. لېكىن، شائىرنىڭ بۇنداق رادىكال شېئىرلىرى كۆپ ئەمەس، شائىرنىڭ «تىلسىملىق شەھەر» ناملىق شېئىرى دەل مانا مۇشۇنداق رادىكال شېئىرلارنىڭ بىرىدۇر.

1

كېتىپ بارار شامال ئالدىراپ،
ئېمىتكىلى باللىرىنى.

2

رەستىلەردە يېتىلەپ يۈرەر،
ئېشەككە ئايلانغان ئاپتوبۇسلارنى،
ئەما سېھىرگەر.

3

پىچىرلاشماس تۈۋرۈكلەر،
ئۈچۈپ كەتكەن
قارلىغاچ بوپ ئاۋازى.

4

ھەيكەللەر يىغلاپتۇ،
كۆزلىرىدە ياش.

5

تىترىمەكتە
تاملارغا چاپلانغان يالىڭاچ رەسىم.

6

گەردىشىدىن قۇتۇلغان سائەت،
يوقالغان ۋاقىت.

7

تۇر، ئوغلۇم!
دېرىزەڭنى چەكمەكتە خىزىر.

**1991** - يىلى دېكابىر

ماڭا شېئىرنىڭ باشلىنىشىدىكى «بالىسىنى ئېمىتكىلى ئالدىراپ كېتىپ بارغان شامال» ئوبرازى پەقەتلا ياقمىدى. «ئېشەككە ئايلانغان ئاپتوبۇس» دېگەن ئوخشىتىشتىن بىر خىل تىلدىكى يىرىكلىكنى ھېس قىلدىم. بەلكىم بۇ تۇيغۇ تىلدىكى يىرىكلىكتىن كۆرە شائىرنىڭ بۇ خىل رادىكال شېئىرىيەت لوگىكىسىغا كۆنەلمىگەنلىكتىن كېلىپ چىققان قوبۇل قىلالماسلىق تۇيغۇسى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما پۈتۈن شېئىرنى ئوقۇپ چىققاندا ئوبرازلاشتۇرۇلغان شېئىرىي ئوبراز — شەھەر ئازراقمۇ تىلسىملىق ئەمەس ئىدى. بەلكى شۇنداق ئوچۇق - ئاشكارا، تىلسىم ۋە سىردىن خالىي كۆزگە چېلىقاتتى. «تىترىمەكتە، تاملارغا چاپلانغان يالىڭاچ رەسىم» دېگەن جۈملىلەردىن بۇ يەردىكى تىلسىم ھەققىدە ئۇچۇرغا ئېرىشىمىز. شائىر رېئاللىقتىكى يالىڭاچلىنىۋاتقان شەھەر ھەققىدىكى تۇيغۇسى ياكى ئۆزىنىڭ شەھەرنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى تەرەققىياتىغا قاراپ، ئۆزىنىڭ شەھەرگە كۆنەلمەسلىكىدىن كېلىپ چىققان ئادەتلىنەلمەسلىكىنى «تامدىكى يالىڭاچ رەسىمنىڭ تىترىشى» ئارقىلىق ئىپادە قىلىۋاتامدۇ؟ ناھايىتى بۇرۇنلا شەھەرلەشكەن لېكىن سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن شەكىللەنگەن يېڭى مەنىدىكى شەھەرلىشىش دولقۇنىدا شەھەرلىشىش جەريانىدىن يىراق قېلىپ، ئەمدىلا شەھەرگە ئادەتلىنىۋاتقان، گاڭگىراپ قالغان مىللەتنىڭ ئىزتىراپلىرىنى ئىشارە قىلماقچىمۇ يا؟ بەلكىم. لېكىن، شائىرنىڭ شېئىرنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇشى ياكى ئادەمگە شېئىرغا پوبلىستىك ماقالىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى يۈكلىمەكچى بولغاندەك



www.uyghurkitap.com

تۈيغۇ بېرىدىغان ئوبرازلار توپى كىشىگە شائىرنىڭ شېئىرىيەت
ئىجادىيىتىدىكى يەنە بىر قىرىنى كۆرستىپ قويۇش بىلەن بىر-
گە شائىر شېئىرىي تىل ۋە شېئىرىي ئوبراز يارىتىشتا ياكى تىل
ئارقىلىق رەسىم سىزىشتا رادىكاللىشىپ، ئەسەرلىرىنى تەشۇىقات
رەسىملىرىگە ئوخشىتىپ قويۇۋاتامدۇ نېمە، دەپ ئادەمنىڭ
قەلبىدە يىرىكلىك پەيدا قىلىدۇ. ئەمما مەن بۇنى شائىرنىڭ
مەغلۇبىيىتى دېگەندىن كۆرە شائىرنىڭ شېئىرىي ئوبراز يارىتىش
جەريانىدا ئېلىپ بارغان ياخشى نىيەتلىك ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ شا-
ھىدى، دەپ قاراپ ئۇنى يەنىلا بىر نەتىجە ھېسابلايمەن.

«دەرەخلەر» دېگەن شېئىر ئەزىزىنىڭ شېئىرىيەت ئالاھ-
ىدىلىكىنى ئەڭ ياخشى گەۋدىلەندۇرگەن ۋەكىللىك خاراكتېرگە
ئىگە ئەسەردۇر.

دەرەخلەر
چېچەكلەيدۇ نازلىنىپ،
چۈش كۆرگەندەك گويا باھاردا.

دەرەخلەر گاھىدا ئۆتكۈنچىلەرگە
سايىۋەن بولىدۇ چوغدەك تومۇزدا.

دەرەخلەر،
دەرەخلەر چوغ بولۇپ يالقۇنلار قىشتا.

دەرەخلەر دار بولار ھەتتاكى ھەيۋەت،
ھاياتقا ئاداققى مۇڭلۇق بېقىشتا.

2003 - يىلى

شېئىرنىڭ بىرىنچى بۆلىكىدە «چېچەكلەيدۇ نازلىنىپ» دې-
گەن مىسرالار ئارقىلىق دەرەخ پۈتۈنلەي ئادەملەشتۈرۈلگەن
ۋە شېئىرنىڭ لىرىكىلىق كەيپىياتى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈ-
رۈلگەن. نازلىنىشتىن ئىبارەت قىزلارغا خاس خۇسۇسىيەت بىر
خىل گۈزەللىك سۈپىتىدە دەرەختىن ئىبارەت شەيئىگە كۆچۈ-
رۈلۈپ شېئىرىيەت لوگىكىسىنىڭ چەكسىز ۋە بىپايانلىقى ئادەمنى
شېئىرىي كەيپىيات ئىچىگە باشلاپ كىرىدۇ. باھاردا چۈش كۆر-
گەندەكلا نازلىنىپ چېچەكلىگەن دەرەخلەرنىڭ ئوبرازى قەلبى-
مىز تۆرىدىن بىر شېئىرىي ئوبراز سۈپىتىدە ئورۇن ئالىدۇ.
ئەسلى شېئىر مانا مۇشۇنداق لىرىكىلىق كەيپىيات ئىچىدە ئا-
خىرلاشقان بولسا دەپ ئويلاپ تۇرغان چېغىمىزدا «تومۇزدا
دەرەخلەر يولۇچىلارغا سايىۋەن بولىدۇ» دېگەن مەنىدىكى شې-
ئىرىي كەيپىياتتىن يىراق ئىككىنچى بۆلەك كۆز ئالدىمىزدا پەي-
دا بولۇپ بىرىنچى بۆلەكتە قەلبىمىز كۆمۈلۈپ كەتكەن شېئىرىي
تۈيغۇدىن قۇتۇلۇپ شېئىرىي كەيپىياتتىن خالىي بۇ جۈملىلەر
كاللىمىزنى سەگىتىدۇ ۋە شائىر بۇ شېئىردا قانداق بىر ئوب-
رازنى سۈرەتلىمەكچىدۇ، دەپ ئويلايمىز. شېئىرنىڭ ئۈچىنچى
بۆلىكمۇ ناھايىتى ئاددى. لېكىن، شېئىرنىڭ ئۈچىنچى بۆلىكىگە
كەلگەندە «دەرەخلەر دار بولار ھەتتاكى ھەيۋەت، ھاياتقا ئا-
داققى مۇڭلۇق بېقىشتا» دېگەن مىسرالارنى كۆرۈپ شائىر بۇ
شېئىردا ئىككىنچى، ئۈچىنچى بۆلەكلەر ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرقى
بۆلەكنى گەۋدىلەندۇرۇپتۇ، دەپ ئويلايمىز ۋە شائىر بۇ شې-
ئىردا بىر شېئىرىي ئوبرازنى سىزىپ بېرىش بىلەن بىرگە يەنە
بىر شېئىرىي پىكىرنى — دەرەخلەرنىڭ ئېسىلىپ ئۆلۈۋالىدى-
غانلار ئۈچۈن دارمۇ بولالايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. قىس-
قىسى بۇ شېئىردا شائىر ئەزىزىنىڭ شېئىرىيەت ئالاھىدىلىكى —
ھېسسىي كۆرۈنۈش ۋە ئىنچىكە تىل ۋاستىسى ئارقىلىق شېئى-
رىي ئوبرازنى سۈرەتلەش، شۇ ئارقىلىق شېئىرىي پىكىرنى ئوت-
تۇرىغا تاشلاشتىن ئىبارەت خاسلىقىنى كۆرۈۋالىمىز.

شائىرلىق كۆچىسىدىكى ئەزىزى بەزى شېئىرلىرى ئارقىلىق
ئادەمگە بىر دېداكتىك شائىردەك، دۇنياني پەلسەپە نۇقتىسىدىن
ئۆزگىچە خاس بىر يوسۇندا كۆزىتىپ بېقىشقا ئۇرۇنىدىغان بىر
شائىر سۈپىتىدە كۆرۈنسە، بەزى شېئىرلىرىدا شېئىرىي ئوبراز
ئارقىلىق شېئىرىي تۈيغۇ ئارقىلىق سۆزلەيدىغان لىرىك شائىر
سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بەزىدە تۈيۇقسىز شېئىرنىڭ قۇ-
رۇلما ۋە تىل ۋە مەنە تەرتىپلىرىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا
ئۇرۇنۇۋاتقان ئىسلاھاتچى بولۇپ كۆزگە كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەت-
تە بۇ شائىرنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى ئايرىم - ئايرىم
قىرلىرىدۇر. بىر شائىر ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۆزىنىڭ قىرىنى بارلىق-
قا كەلتۈرۈشنىڭ ئۆزىمۇ غايەت زور بىر مۇۋەپپەقىيەتتۇر. شا-
ئىر بۇ نۇقتىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپلا قالماي ئۆزگىچە خاس
بىر يوسۇندا شېئىرىي ئوبراز يارىتىش يولىدا ئىزدەندى ۋە
مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

شائىر ئەزىزى كۆزىمىزگە ياشتەك كۆرۈنگەن، ياشلىق
جۇشقۇنلىقى بىلەن ياشلاردەك شېئىر يېزىپ يۈرگەن بىلەن 50
ياشتىن ھالقىدى. ئۇنىڭ شېئىرىيەتكە بولغان ئاشىقلىقىنى يىگىت-
لىك يىللىرىدا باشلانغان دەپ قارىساق بۇ ئاشىقلىق ئوتى 30
نەچچە يىل جەريانىدا ئۆچۈپ قېلىش ئورنىغا بارغانسېرى ئۇل-
غايدى. بىر خىل ئىزچىللىقنى ساقلاش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ
خاسلىقىنى يارىتىش ئۈچۈن تىپچەكلىدى. بىرىنچى ئەۋلاد شا-
ئىرلار بارغانسېرى ئاز قېلىپ، ئىككىنچى ئەۋلاد شائىرلارنىڭ
قويۇق سېپى كۈنسېرى شالاڭلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈنلەردە بىز
مانا مۇشۇنداق ئۈچىنچى ئەۋلاد شائىرلارنىڭ بارلىقى تۈپەيلى-
دىن بەختىيارمىز. شەيتىنىمىز ئۇلارنى بىزگە بارغانسېرى كىچىك
كۆرستىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ لېكىن ئۇلارنىڭ بىلىپ - بىلمەي
30 نەچچە يىللىق ئىجادىيەت مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئە-
دەبىياتىمىزنىڭ بۈگۈنكى يۈكىنى كۆتۈرگۈچىلەرنىڭ سېپىدىن
ئورۇن ئالغانلىقى پاكىت. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە
بەزى تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىش بۈگۈننىڭ تەقەززاسىدۇر.

مۇھەررىر: تۇرسۇن قۇربان كۈلپىتى
ئېلخەت: kvlpiti@126.com

# ئىسكەندەر ئىسمائىل ئىلچىن دىۋانى خەت ئەسەرلىرىدىن





● ئادەم ھەسرەت بىلەن ئەمەس، ھەۋەس بىلەن ياشىشى كېرەك.



● بىلمەك باشقا، بايقىماق باشقا، بولماق باشقىدۇر.



● ئۆگىنىمەن دېگەن مەڭگۈ كىچىكمەس.



● ھورۇنغا ھويلىدىكى سۇ يىراق.



● ۋەتەن سەندىن ئۆزگە دىلدارنى تاپمىدىم ئالەمگە كېلىپ، تاپمىدىم تاپالمايمەن ھەم، بەس ياشنىسام مېھرىڭگە قېنىپ.


تويلۇق®
TOYLUK
ھەر بىر كۈنىڭىز تويدەك ئۆتسۇن،
ھەر كىيگىنىڭىز تويلۇق بولسۇن.
ئادرېسى: شىنجاڭ ئۈرۈمچى شەھەر
تەڭرىتاغ رايونى ئىستىپاق يولى 391 ـ نومۇر
تېلېفون: 8531007 ـ 0991 فاكس: 2870329 ـ 0991
پوچتا نومۇرى: 830049
www.toyluk.com